# مىللەت ۋە دىن

2005.6

# 新疆民族宗教

ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)




مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئەمۈنە شەخس - داباشىنسكىي رىما

مەخسۇس ماقالە — شانلىق 50 يىل

ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار -

يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

# ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدىن



ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى




ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى 2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.
ليۇتوڭ فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابلىز ھوشۇر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ھەمدە يىغىن ئاياغلىشىش ئالدىدا خۇلاسە سۆز قىلدى. ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى




ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.
ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى




ئىلى ئوبلاستىدا دۆلەت يار - يۆلەك بولىدىغان نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەردىن 8825 نەپەر رۇس، 6346 نەپەر ئۆزبېك، 2552 نەپەر تاتار، 197 نەپەر تاجىك بار. سۈرەتتە: ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۆز قىلىۋاتىدۇ. ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى




سانجى ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى داچۇەن تاتار يېزىسى ئىلىمىزدىكى بىردىن بىر تاتار يېزىسى. سۈرەتتە: سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۆز قىلىۋاتىدۇ. ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش، ئاپتونوم رايوننىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش، «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىن باشلانغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ليۇجېنچياڭ مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، قاتناش نازارىتى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى، ۋە ئىلى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى رەھبەرلىرى يىغىندا پىكىر بايان قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش جاپپار ھەبىبۇللا يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن يىلدىن بۇيانقى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش ئەھۋالىنى خۇلاسىلاپ، «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلار، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى (مەمۇرىي مەھكىمە)، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 7 ۋىلايەت، ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، خەلق بانكىسى، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى ھەمدە نوپۇس بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 19 ناھىيە، شەھەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ھەربىي رايون قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى.
(ئىقتىساد باشقارمىسى تەمىنلىگەن)

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى



تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى روزى گۈلباي يىغىن مەيدانىدا. ليۇتوڭ فوتوسى



مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى دانەنگو يېزىسى ئىلىمىزدىكى بىردىن بىر ئۆزبېك يېزىسى. سۈرەتتە مورى ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە سۆز قىلىۋاتىدۇ.
ليۇتوڭ فوتوسى



گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدىن بىر كۆرۈنۈش. ۋاڭ جۇنلىڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) باشقۇرۇشىدىكى ژۇرنال

# مىللەت ۋە دىن

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

2005 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 56 ـ سان)

(ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

تەھرىر ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر

پەخرىي مۇدىرى: ليۇ جېنچياڭ

مۇدىرى: ھاپىز نىياز

دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

خې جۇگدې، ئابدۇرېشىت نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

شۇ شىجېي، قىسامادىن

چۆ جېي

ئەزالىرى: ئۆركىنقان ساتىبرباي، ئادىر، ئادەي، غېنى ھېلىم، مەتنىياز روزى، ياقۇپ ئۆمەر، ئابلىكىم قېيۇم، ھەمدۇللا توقسۇن، ئابلىتىپ ئاقمۇللا، ئابدۇغوپۇر قادىر، ليۇ دۇك، غۇلام ئىبراھىم، ما ۋېنشىن، مامۇر قاجى، سۇ لەيچى

## مۇندەرىجە

### مەخسۇس ماقالە

شانلىق 50 يىل. . . . . . . . . . . . . . . . ئىسمائىل تىلىۋالدى 1

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرايلى. . . . . . . . ھاپىز نىياز 11

### نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش

ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز. . . . . . . . . . . . . . جاپپار ھەبىبۇللا 25

مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ يەتكۈزۈش تېزىسى . . . . . . . . . . . . . . . ليۇ جېنچياڭ 33

ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز . . . . . . . . . . . . . . . ئابلىز ھوشۇر 40

### مىللەتلەر تەنتەربىيىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ئابلىز ھوشۇر 44

### مىللەت، دىن خىزمىتى مۇنبىرى

شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. . . . . . . . . ئابدۇرېقىپ داموللا 48

«ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىمىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش »تىن ئىبارەت بۇ

يېڭى يەكۈننى ئۇمۇمىيۈزلۈك توغرا چۈشىنىش كېرەك . . .
ئابلىز نۇر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 50

مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى . . . . . . . . . . . 53

مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى . . . . . . . . . . 56



«مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى تەھرىراتى

مەسئۇل مۇھەررىر : گې فېڭجياۋ
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر :
ۋاڭ جىڭچى ، قۇربان مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر : مەھمۇد ئىنايەت
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا ، كۈلەيخان
لى فېڭباۋ ، فاڭ رويۇ ، باغدار
لىۋ توڭ

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چياڭج-
ياڭ يولى 1 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830000
تېلېفون نومۇرى : 5860308 (0991)
باسقۇچى ئورۇن : ئۈرۈمچى لوڭيىدا
باسما مۇلازىمەتى چەكلىك شىركىتى
بېسىلغان ۋاقتى : 2006 - يىلى 1 - ئاي
ئىچكى گېزىت - ژۇرناللار (ژۇرنال
شەكىللىك ) نى بېسىشقا رۇخسەت
قىلىش نومۇرى : 0206

مۇقاۋىدا :
مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس — داباشىنىسكىي . رىما ( روس )
گې فېڭجياۋ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە : ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر
ۋاڭ جۈنلىنىڭ قاتارلىقلار فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە :
مىللەت ، دىن خىزمىتى سۈرەتلىرى
لىۋ توڭ فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە :
كومىتېت ( ئىدارە ) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى خاتىرە سۈرەتلىرى
لىۋ توڭ فوتوسى

قىستۇرما بەتتە :
شىنجاڭدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەردىن — روس مىللىتى

# شانلىق 50 يىل

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، بىز بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇق. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلغان 50 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتكە نەزەر سالساق، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مىسلىسىز ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنىڭ غايەت زور دەرىجىدە گۈللىنىپ ئالغا باسقانلىقىنى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ پارلاق تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرۈپ، چەكسىز شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمىز. مەركەزنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئورنىدىن دەس تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى شىنجاڭنىڭ ئونىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى؛ يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە باشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى پەخىرلەندۈردى.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، 50 يىل قىسقىغىنە ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تۇنجى رەئىس يولداش بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن بىر ئەسەرنى يازغان. بۇ كىتابتا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 50 يىلىدىكى ئاخىرقى چىن خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شىنجاڭ تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ چاغدا شىنجاڭ سىرتتا ئەنگلىيىنىڭ، بولۇپمۇ چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا، ئىچكى جەھەتتە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېزىشىگە ۋە فېئودال پومېشچىكلار، چوڭ چارۋىدارلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، يەنە كېلىپ مىلتارىستلارنىڭ زوراۋانلىقى، باندىتلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن، ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى. ئۇ چاغدىكى شىنجاڭنى «تۆت يوق»، يەنى «سانائەت يوق، سودا يوق، مائارىپ يوق، خەلقنىڭ ھوقۇقى يوق» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەشكە بولاتتى، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، ناخشا ساداسى پەلەككە يېتىپ، قىزىل بايراق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جەۋلان قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ خوجايىن بولۇپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

## شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلگەن 50 يىل بولدى

بىرىنچىدىن، «تېز بولدى». ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىز تېز تەرەققىي قىلىپ، ئونىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچىمىز كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 220 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 42 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچى-

قىرىش ئومۇمىي قىممىتى 11 مىڭ 199 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، بۇ غەربتىكى 12 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. 50 يىلدىن بۇيان، تۇراقلىق مۇلۇك ئومۇمىي سېلىنمىمىز جەمئىي 800 مىليارد يۈەنگە يەتتى، 90 مىڭدىن ئارتۇق تۈرگە مەبلەغ سېلىنىدى، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2004 ـ يىلى يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىسىنىڭ 85 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

ئىككىنچىدىن، «گۈللەندى». يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، سۇ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يۇرۇشلەشكەن سۇغىرىش تورى بەرپا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى، چارۋىچىلىق تەرەققىي تاپتى، دېيىشكە بولىدۇ. ئاشلىقتىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، «ئامبارلار توشۇپ كېتىش» ئەھۋالى ئۈزاققىچە كۆرۈلدى، ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 700 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوراللىنىشىمۇ كۆنسايىن زامانىۋىلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ماشىنىلاشقان ئۇنۇمۇرسال مەشغۇلات سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۈچ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇردۇق. 2004 ـ يىلى ئومۇمىي گۆش 1 مىليون 280 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 20 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. باغۋەنچىلىك كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر بىر دېھقان بىر مو باغقا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، «قىزىل» كەسىپمۇ شىنجاڭنىڭ يەنە بىر چوڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندى. پەمىدۇر ۋە ئالقات مەھسۇلاتىمىز مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ پەمىدۇر قىيامىنىڭ مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 95% تىن كۆپرەكىنى، ئېكىسپورت مىقدارى خەلقئارا سودا مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى كەسىپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

ئۈچىنچىدىن، «تولۇق بولدى». سانائەتلەشتۈرۈش زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان سانائەت زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سانائەتلەشتۈرۈش بىر دۆلەت ياكى بىر رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيلىكىدىن سانائەت مەدەنىيلىكىگە، ئاجىزلىقتىن قۇدرەت تېپىشقا قاراپ ماڭىدىغان مۇقەررەر يولى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا پەقەت قول ھۈنەرۋەنچىلىكلىككە كىرىدىغان دۇكان شەكلىدىكى بەزى كىچىك كارخانىلارلا بار ئىدى، زامانىۋى كارخانا يوق ئىدى. ھازىر كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق قاتارلىق تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇرلۇك سانائەت كارخانىلىرىدىن 60 مىڭدىن ئارتۇقى بار. 2004 ـ يىلى سانائەت قوشۇلما قىممىتى 74 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 1955 ـ يىلدىكىنىڭ 85 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 2 ـ كەسىپنىڭ 3 ـ كەسىپتە ئىگىلىگەن سالمىقى 46% كە يەتتى. 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توك چىقىرىش مىقدارى ئاران 55 مىليون كىلوۋات سائەت ئىدى، بۈلتۈرغا كەلگەندە توك چىقىرىش مىقدارى 24 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 450 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. باشقا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن: پولات 1955 ـ يىلدىكىدىن 340 ھەسسە سېمونت مەھسۇلاتى 1955 ـ يىلدىكىدىن 750 ھەسسە ئاشتى. سانائەت ئىقتىسادىتا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئەندىزە شەكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى ئاساسلىق تۈرتكىلىك رولى-

نىڭ ئورنىنى ئالدى.

تۆتىنچىدىن، «ياخشى بولدى». بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. شىنجاڭدا يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول. شىنجاڭنىڭ سۇ، قۇياش نۇرى، ئىسسىقلىق بايلىقىمۇ مول. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر 60 مىليون مو، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 5146 كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە قىممەتنىڭ 2.25 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ؛ قېزىلما بايلىقى مول. ھازىر بايقالغان قېزىلما 138 خىل بولۇپ، توققۇز خىلنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، 32 خىلنىڭ زاپاس مىقدارى غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت بايلىقى 20 مىليارد 860 مىليون توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇق نېفىت بايلىقىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ؛ تەبىئىي گاز بايلىقى 10 تىرىليون 300 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇق تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ 34% نى ئىگىلەيدۇ، كۆمۈرنىڭ مۆلچەردىكى بايلىق مىقدارى 2 تىرىليون 190 مىليارد توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىپايان شىنجاڭ زېمىنىدىكى ھەممە تاغدا گۆھەر بار، ھەممە ئويمانلىقتا نېفىت بار، ھەممە ۋادىدا ماددىي بايلىق مول، خىلمۇخىل ساياھەت بايلىقى بار. تەبىئىي مەنزىرىلەر خىلمۇخىل، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە، كىرورەن، ئىدىقۇت، يارغول خارابىسى، كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە كۆپلىگەن تاش كىمىر سەنئىتى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق؛ تۈرى كۆپ بولغان جانلىقلار بايلىقى بار. شىنجاڭدا 4000 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بار. يەرلىك زىرائەتلەرنىڭ سورتى ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سورتلار 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىر مۇنچە تۈرلەرنىڭ سورتى ئېسىل. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى گەۋدىلىك، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك پورتتىن 17 سى بار، بۇلار ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا بازىرىنى ئېچىشتىكى ئالدىنقى بازىسى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بايلىقىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشتىكى مۇھىم بازىسى. ئەۋزەل بايلىقنى ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پاختا ۋە نېفىتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كەسىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ۋۇۋۇسكىسى» بولۇپ قالدى. پاختا مەھسۇلاتىمىز 35 مىليون دەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 30% نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپلا قالماستىن، دۇنيا پاختا بازىرىدىمۇ ئورۇن ئىگىلىدى. ئۈچ چوڭ نېفىتلىك ۋە زور بىر تۈركۈم نېفىت خىمىيە كارخانىلىرى قۇرۇلدى، 2004 ـ يىلى نېفىت مەھسۇلاتىمىز 22 مىليون 280 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى؛ تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىمىز 5 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇننى ئىگىلىدى. شىنجاڭنىڭ نوپۇس ۋە ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1.5% نى ئىگىلەيدۇ، ئەمما نېفىت ۋە پاختىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ئىستراتېگىيىلىك بايلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

بەشىنچىدىن، «قولايلىق بولدى». ستېرېئولۇق قاتناش تورى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىدى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلانماقتا. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ قاتناش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىر قانچە ئاددىي شېغىل يوللار بار ئىدى، ترانسپورتتا ئاساسلىقى ئات ۋە تۆگە قاتارلىقلارغا تايىناتتى. ھازىر، تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىن ئىبارەت ستېرېئولۇق قاتناش تورى شەكىللىنىپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتى بىلەن زىچ باغلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇزۇنلۇقى 87 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان يەتتە دۆلەت يولى، 60 نەچچە ئۆلكە يولى بار. بۇ يەر شارىنىڭ ئىككى ئايلانمىسىغا تەڭ. ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىدا ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 65 چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر بىلەن تۇتاشقان ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت تورى شەكىللەندى، ھاۋا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئەڭ كۆپ، لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بولۇپ

قالدى. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى، جەنۇبىي
شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى
ياسىلىپ، ئاساسىي ئىقتىسادىي رايونلار تۇتاشتۇ-
رۇلدى. ھازىر مەيلى ئىچكىرىدىن شىنجاڭغىچە،
ناھىيە بازارلىرىدىن يېزا، كەنتلەرگىچە بولسۇن،
قاتناش ئىنتايىن قولايلىق. ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ
خەت ـ ئالاقە ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، ئا-
ساسلىقى خەت ـ چەك ۋە تېلېگراممىا ئەۋەتىشكە تايى-
ناتتى. ھازىر شىئەن ـ لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى ئوپتىك
كابېل قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار پۈتتى، رە-
قەملىك مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش غول لىنى-
يىسى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ، پروگراممىلىق ئال-
ماشتۇرۇش، ئوپتىك تالا ئارقىلىق خەۋەرلىشى، رە-
قەملىك مىكرو دولقۇن، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق
خەۋەرلىشىش قاتارلىق مۇكەممەل زامانىۋى خەۋەرلە-
شىش سىستېمىسى شەكىللىنىپ، تەرەققىيات سە-
ۋىيىمىز مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە بولماقتا. 100
كىشىنىڭ 27 سىدە تۇراقلىق تېلېفون، 25 ىدە يان-
فون بار. دېمەك تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىس-
بىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ
كەتتى.

ئالتىنچىدىن، «چوڭ بولدى». ئىچكى ۋە
تاشقى ئېچىۋېتىش قەدىمىمىز چوڭ بولدى. ھازىر
دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك پورتتىن 17 سى، 2 ـ دە-
رىجىلىك يەرلىك پورتتىن ئونى بار. قورغاس پورتى
تەرەققىي قىلىپ يېڭىچە پورت شەھىرىگە ئايلاندى،
ئالاتاۋ پورتىنىڭ يىللىق مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى 9
مىليون توننىدىن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە تۆ-
مۈريول پورتلىرى ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. شىن-
جاڭ 120 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد ـ
سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، 37 دۆلەت ۋە رايوندىكى
چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار
شىنجاڭدا رويخەتكە ئالدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش،
تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا 2004 ـ يىلى شىن-
جاڭنىڭ ئومۇمىي ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى
6 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1978 ـ يى-
لىدىكىدىن 20 نەچچە ھەسسە ئاشتى. ھەر تەرەپلىمە،
كەڭ دائىرىلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى شە-
كىللىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتى-
كى ئالدىنقى سېپى بولۇپ قالدى.

**شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىل ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىز غا-يەت زور تەرەققىي قىلغان 50 يىل بولدى**

**بىرىنچىدىن، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ
تەرەققىي قىلدى.** ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، تۇرلۇك
كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىمىز 1000 غىمۇ يەت-
مەيتتى، 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغ-
دىمۇ 10 مىڭدىن كۆپرەكلا ئىدى. 50 يىللىق تەرەق-
قىيات ئارقىلىق، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە
تۇرلۇك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 500 مىڭغا
يېتىپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىل-
دىكىدىن 500 ھەسسە ئاشتى. پەن ـ تېخنىكا خادىم-
لىرىمىز ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا
چېتىلىدىغان ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن
ھالدا پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ئېلىپ باردى ۋە بۇ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. قۇملۇقنى تىزگىنلەش
تەتقىقاتى، ھايۋانلارنى جىنسىسىز كۆپەيتىش تېخ-
نىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىمىز خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلاش-
تى. دېمەك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتى-
سادنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى تۆھپىسى بارغانسېرى
زورايماقتا.

**ئىككىنچى، مائارىپ ئىشلىرىمىز ھاياتىي كۈچكە
تولدى.** ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ
ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى. 1949 ـ يىلى شىن-
جاڭدا بىرلا ئالىي مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى
400 گىمۇ يەتمەيتتى؛ تۇرلۇك تېخنىكومدىن 20 سىلا
بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 5000 غىمۇ يەتمەيتتى.
ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي مەكتەپتىن
28 ى بار، ئوقۇغۇچىسى 163 مىڭدىن ئاشتى؛ باش-
لانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ
مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.8% كە يەتتى، تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش يېشىدىكى بالى-
لارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 86.3% كە يەتتى
، 71 ناھىيە، شەھەر، رايوندا توققۇز يىللىق مەجبۇ-
رىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىغا ئاساسىي
جەھەتتىن يەتتۇق؛ ياشلار ۋە قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ
ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2% تىن تۆۋەن بولدى، ئاھا-
لىنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى مەملىكەتنىڭ

ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ھەم ئۇنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، خىراجەت، دەرسلىك، ئۈسكۈنە قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى.

**ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز گۈللەنمەكتە.** ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بىرمۇ كەسپىي مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەشكىلاتى، بىرمۇ كۇتۇپخانا ۋە مۇزېي يوق ئىدى. 2004 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 88 گە، كۇتۇپخانا 84 كە، مۇزېي 23 كە يېتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىدى. بولۇپمۇ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، «شىزاڭ ـ شىنجاڭ قۇرۇلۇشى» ۋە «رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 92.9% ۋە 92.5% كە يەتتى، يېزا ـ قىشلاقلاردا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامما رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈلىۋاتىدۇ.

**تۆتىنچىدىن، داۋالاش تورى تەدرىجىي مۇكەممەللەشمەكتە.** ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ تېببىي داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ياخشى ئۈسكۈنە — 250 مىللىئامپېرلىق بىر رېنتگېن بىلەن بىر قانچە مىكروسكوپ ئىدى، ئۇلار ھازىرقى بىر يېزا شىپاخانىسىنىڭ ئۈسكۈنە سەۋىيىسىگىمۇ يەتمەيتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بىز يۇقۇملۇق كېسەل ۋە يەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تارىختىن قېپقالغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان سالىدىغان يەرلىك كېسەل، يۇقۇملۇق كېسەللەرنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىپ ياكى تىزگىنلەپ، ھەممە ناھىيىدە دوختۇرخانا ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بولۇش، ھەممە يېزىدا شىپاخانا بولۇش، ھەممە كەنتتە داۋالاش نۇقتىسى بولۇش نىشانىغا يەتتۇق. ھازىر ھەر 1000 كىشىگە توغرا كېلىدىغان دوختۇر سانى ۋە كېسەلخانىدىكى كارىۋات سانى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا رېزونانىس، چوڭ تىپتىكى CT قاتارلىق ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى. بۇ دوختۇرخانىلار يۈرەك ئوپېراتسىيىسى، گېن ئارقىلىق يىلىك ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىنتايىن تەس ئوپېراتسىيىلەرنى قىلالايدىغان، جۈملىدىن ئۆپكە ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش دۇنيا بويىچە ئەڭ تەس ئوپېراتسىيىلەرنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولدى. يېڭىچە يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سىناق خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىكى ئاز كەم 30 ياشتىن ھازىرقى 71 ياشقا يەتتى.

**بەشىنچىدىن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.** ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي بولۇپ ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئاپتونوم رايون ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلدى. 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، 6 مىليون 400 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇردى؛ 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تارىم ۋادىسىنى تۈزەپ، تۆۋەن ئېقىنغا ئالتە قېتىم سۇ قويۇپ بەردى؛ قۇملىشىپ كەتكەن ئىككى چوڭ ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى تۈزەش تەدبىرىنى يولغا قويدى ھەم جايلاردا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، سانائەت ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچىدە «كۆك ئاسمان قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى. دېمەك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ داۋاملىق نا-

چارلىششى ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىنىپ، قىسمەن جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1998 – يىلدىكى 1% تىن 2.9% كە يەتتى؛ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېپيېنچا ئۆسۈملۈك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، قۇرۇپ كەتكىلى 30 نەچچە يىل بولغان تېتىما كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى؛ سانائەتتە ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارى دۆلەت چۇشۇرگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى.

**شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىل ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلانغان 50 يىل بولدى**

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ زۇلمى ئاستىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئاچ – يالىڭاچ قالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، 2004 – يىلىغا كەلگەندە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7503 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە، شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 7817 يۈەنگە يەتتى؛ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ قاتارلىق ئاساسىي ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا قورساق غېمىنى قىلىشتىن ھاللىق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشتەك تارىخىي بۇرۇلۇش بولدى. نامراتلىقتىن قورساق تويغۇزالمايدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، دوختۇرغا كۆرۈنەلمەيدىغان، دورا يېتىشمەيدىغان كۈنلەرگە خاتىمە بېرىلدى. يۇقىرىلار كۆل سۈيى ئىچىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، جىن چىراغ ياقىدىغان كۈنلەر تارىخ بولۇپ قالدى، يول يۈرۈشتىكى قورالسىزلىق زامانىۋى قاتناشقا ئورۇن بەردى. باللار مەكتەپكە كىرەلمەيدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقى بىۋاسىتە ھېس قىلغان زور ئۆزگىرىشلەردۇر.

شىنجاڭ چەت – ياقىغا جايلاشقان نامرات رايون. نامرات ئاھالىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش. 1993 – يىلدىكى نامراتلىق ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، شۇ چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 مىليون 760 مىڭ نامرات ئاھالە بار ئىدى. يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭى پىلانى يولغا قويۇلۇپ، 1 مىليون 320 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىنىش – تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2001 – يىلدىن باشلاپ يېڭى باسقۇچتىكى يۆلەش – ئېچىش ئومۇمىي پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، دۆلەت تەڭشىگەن نامراتلىق ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا – قىشلاقلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالە 3 مىليون 290 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئاھالىدىن 440 مىڭى بار ئىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۈچ يىل ئىچىدە، قىيىنچىلىقى ئېغىر 440 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىنىش – تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ھەمدە 1 مىليون 50 مىڭ تۆۋەن كىرىملىك نامرات ئاھالە نامراتلىق ئۆلچىمىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، ئاما پاكىز سۇ ئىچەلمەيتتى. بولۇپمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كىشىلەر كۆل سۈيى ئىچىدىغان بولغاچقا، ئاسانلا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلاتتى. 1995 – يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا – قىشلاقلىرىدا سۇنى ياخشىلاپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 2004 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 70 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 9 مىليون 540 مىڭ كىشىلىك ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

**شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 50 يىل باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسى-**

**يالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەنگەن 50 يىل بولدى**

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، مىللەت تەركىبى 47 گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، تارىختىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتتىن 13 ى بار. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەرنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمدىن ھازىرغا بولغان تارىخىغا قارايدىغان بولساق، يېڭى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئەڭ ياخشى سىياسەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىمىز ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسەتتۇر.

**بىرىنچىدىن، ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولدى.** ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشىپ، سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويدى. 1954 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن بەش مىللىي ئوبلاست، ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىياتىغا قاتنىشىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشنى باشتىن - ئاخىر پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى يېتىشتۈردى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن پەقەت 3000 لا بار ئىدى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 47 مىڭلا ئىدى، ھازىر 338 مىڭغا يېتىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىكىدىن 110 ھەسسە كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 52% نى ئىگىلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 256 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 56% نى ئىگىلىدى. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەڭداشسىز رول ئويناۋاتىدۇ.

**ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلدى.** بىز ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئىدىيىۋى - سىياسىي ئېڭىنى داۋاملىق ئۆستۈردۇق. 1983 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان 23 يىلدا ھەر يىلى 5 - ئاينى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى قىلىپ، ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، مىللەتلەر بىر - بىرىگە ئىشىنىدىغان، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىدىغان، بىر - بىرىنى قوللايدىغان ۋە بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان كەيپىياتنى ياراتتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شىنجاڭ تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرماقتا.

**ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلەندى.** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە، مەمۇرى-

يەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەڭ دائىرىدە ئەمەلىيلەشتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلدى. مىللىي مائارىپقا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىدا يەتتە خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىكنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ئىشلىرى تەشكىللەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، مەدەنىيەت، تېببىي دورا - ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ساھەلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، 12 مۇقام، ئاقىنلار ئېيتىشىشى، نادام يىغىلىشى قاتارلىق مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلدى.

**تۆتىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.** دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتى قانۇندا قوغدالدى. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شىنجاڭلىق دىنىي زاتلار 1731 گە يەتتى. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىۋاتىدۇ ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسى جۈملىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاما بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئىناق ئۆتۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئورتاق قوغداپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئورتاق كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 50 يىللىق قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل تارىخ كارتىنىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى مۇۋەپپەقىيەتتە ئېرىشتۈرىدىغان مەنبە ئىكەنلىكىنى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى، مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

**شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان 50 يىل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغان 50 يىل بولدى**

شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدىتىگە؛ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەدىتىگە ۋە ياردىمىگە؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىگە مەنسۇپ. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى، شۇنداقلا بىر قانچە ئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جاپالىق قان - تەرى سىڭدۈرۈلگەن؛ ئۇ يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى

ھەمدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە ۋە دۆلەت، شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت خەلقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا ھەرقايسى جەھەتتىن زور مەدەت ۋە ياردەم بەردى.

**بىرىنچىدىن، ئىختىساسلىقلار جەھەتتە.** ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 50 ــ، 60 ــ يىللاردا، خونەن، شەندۇڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىدىغان زور تۈركۈمدىكى ياشلار، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتكۈزگەنلەر ۋە ھەربىيدىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان ئوفىتسېر ــ ئەسكەرلەر تولۇپ تاشقان ئىشتىخارلىق بىلەن ناخشا سادالىرىنى ياڭرىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، مەركەز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش دولقۇنىنى قوزغىدى؛ قىزىلبايراق لەپىلدەپ، ماتورلار گۈرۈلدەپ، تارىختىن بۇيانقى چېگرا رايونىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى؛ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش دولقۇنى قوزغالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز 91 مىنىستىرلىك، كومىتېت ھەمدە ئىچكى جايلاردىكى 13 ئۆلكە، شەھەردىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

**ئىككىنچىدىن، مالىيە جەھەتتە.** دۆلەت شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ سالدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1955 ــ يىلىدىن 1998 ــ يىلىغىچە، مەركەزنىڭ مالىيىدىن شىنجاڭغا بەرگەن نورمىلىق ياردەم پۇلى ۋە مەخسۇس ياردەم پۇلى جەمئىي 66 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1998 ــ يىلىدىن 2004 ــ يىلىغىچە بولغان يەتتە يىلدا مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ياردەم پۇلى جەمئىي 119 مىليارد 721 مىليون يۈەنگە يەتكەن، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ 80%ىدىن كۆپرەكىنى مەركەز ئورۇنلاشتۇرغان، شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمىنىڭ 50%ىدىن كۆپرەكىنى مەركەز مالىيىسى بەرگەن. 2004 ــ يىلى مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا بەرگەن ياردەم پۇلى 28 مىليارد 696 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مالىيە چىقىمىنىڭ 70%ىنى ئىگىلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈپ، سىياسەت، مەبلەغ، تۈر، مالىيە، ئىختىساسلىقلار ۋە كادىرلار قوشۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ زور مەدەت بەردى.

**ئۈچىنچىدىن، سىياسەت جەھەتتە.** 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى جەھەتتە پارتىيىنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. مەركەز غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ يەنە غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى مۇھىم رايون سۈپىتىدە، دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى كۆپلىگەن ئېتىبارىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدا بىر قاتار زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى، يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق سىياسەت مۇھىتى ھازىرلاپ بەردى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىشچىلار، دېھقان ــ چارۋىچىلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر ــ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېر ــ ئەسكەرلىرى، ج خ كادىر ساقچىلىرى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى كادىرلار،

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەممىنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شانلىق 50 يىلى ئۈچۈن بۈيۈك ئابىدە تىكلىدى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، بىڭتۇەندىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر «جەڭگىۋار قوشۇن، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى ۋە خىزمەت قوشۇنى» بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، قاقاسلىقتا كۆزنى چاقنىتىدىغان بوستانلىقلارنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە ياراتتى.

**شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان 50 يىل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يۇرت بەرپا قىلغان ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلانغان شانلىق باشلىنىش نۇقتىسىدۇر**

كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، تولىمۇ ئىپتىخارلىنىمىز. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېچىلمىغان گۆھەر جاي بولۇپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىدە تۇرماقتا. شىنجاڭ چەكسىز گۈزەل تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇۋاتقان بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىشتە مۇھىم تايانچ بولماقتا؛ مەركەز ماليىسىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى بارغانسېرى زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى سىياسەت مۇھىتى يارىتىپ بەردى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقان تەرەققىيات شارائىتى تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ بەردى؛ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەرەققىيات ئارزۇسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن زور مەنىۋى تۈرتكە بولدى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا، تەرەققىياتنى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش تارىخىي پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى ھەل قىلىپ، يېڭىچە سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك، ماس ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، تىرىشىپ ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بىز يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنى تىرىشىپ تېخىمۇ گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان، تېخىمۇ ئىتتىپاق ۋە مۇقىم بولغان شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا باتۇرانە ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

كوررېكتور: مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

# ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرايلى

ھاپىز نىياز

شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان مىللىي ئاپتونوم رايون. شىنجاڭدا ھازىر 47 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتتىن 13 ى بار، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 42 مىللىي يېزا بار. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 19 مىليون 630 مىڭ كىشى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %60 ىنى ئىگىلەيدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر باشلىنىش بولدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە باشلامچى بولۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلدى، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلار كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەش، گۈللەپ راۋاجلىنىشتەك يېڭى ھالەت بارلىققا كەلدى، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

نەتىجىلەرنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئاساسىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇق:

**1 . پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈپ فاڭجېن ۋە تۈپ سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى**

شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پېشقەدەم پورولتارىيات ئىنقىلابچىلىرى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە سەمىمىي غەمخورلۇق قىلغان. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە سەمىمىي ئۈمىد باغلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلغان. 1981 ـ يىلى، دېڭ شياۋپىڭ

شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇشى بىر ئومۇمىيلىق، شىنجاڭ چوقۇم مۇقىم بولۇشى لازىم، مۇقىم بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كۆپ قېتىم مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، بىر يۈرۈش مۇھىم تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. مەركەزنىڭ غەمخورلۇقى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇزۇندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي بوشاشماي ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدەك مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە قويۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتى؛ مىللەتلەر خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. بولۇپمۇ 1992 ـ يىلى ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى يەرلىكنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، گۈللەندى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى.

ئەمەلىيەت پارتىيىمىز مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا قەتئىي بوشاشماستىن چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

**2 . مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە**

## ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمغا تەدبىقلاپ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «ئەستايىدىل، سالماق بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «كىچىكتىن زورايتىش» تەدرىجىي يولغا قويۇش كونكرېت تەدبىرىنى قوللىنىپ، «ئىككىنى توغرا بىرلەشتۈرۈش»نى يەنى: مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى توغرا بىرلەشتۈرۈش؛ ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئامىلنى توغرا بىرلەشتۈرۈشتە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللىرى سانىنى تەقسىم قىلىش ۋە خادىملىرىنى تەشكىللەشتە كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئويلىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئايرىشتا ھەم مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئويلاشتى، ھەم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇزاق مەزگىللىك پايدا مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ، مۇۋاپىق ئېتىبار بەردى ۋە تەڭشىدى؛ ئۈچىنچىن، بىر قانچە جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كۆپ قاتلاملىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى؛ تۆتىنچىدىن، مىللىي يېزا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىر خىل تولۇقلىما شەكلى بولغاچقا، مۇۋاپىق ھالدا مىللىي يېزىلارنى قۇردى. ئۈچ دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگىنى ۋە مىللىي يېزىلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئارقىسىدا ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇش، ئورتاق گۈللىنىش پىرىنسىپىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇردى. بىرىنچىدىن، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى نىسبىتىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا كەسپىي خادىملىرى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، مۇنەۋۋەرلەرنى ۋاقتىدا دادىللىق بىلەن تاللاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئۈچىنچىدىن، «ئاساسىي قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كۆپ خىل يەرلىك قائىدە - نىزام ۋە تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. تۆتىنچى-

دىن ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە
ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىـ
لىندى. بەشىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىـ
يەت بېرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەـ
نىيەت، تەنتەربىيە، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك، سەـ
ھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئوـ
مۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. ئەمەلىيەت مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ماركـ
سىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىـ
غانلىقىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھـ
ۋالىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، زور سىياسىي ئەۋزەلـ
لىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇـ
رۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم
مەزگىلىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى
ھەل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تولۇق ئىسـ
پاتلىدى.

**3 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلـ
قىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە
تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزـ
مەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە
كاپالىتى**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت
ئەمىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى. شۇنداقلا ئۇ
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زاـ
مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇميىلىقىغا مۇناـ
سىۋەتلىك. ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيانقى ئەـ
مەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقى پەـ
قەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھـ
بەرلىكىدە ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبـداش
بولۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ئىتتىپاقلىشىپ
كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن گۈللىنىپ بېيىشقا
قاراپ ماڭالايدۇ. بۇ تارىخى ۋە رېئاللىقتىن ھاسىل
قىلىنغان تۈپ نەزەرىيە. ئۆزۈندىن بۇيان، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىتتىـ
پاقلىقى خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇندىكى چوڭ
ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، بىر قاتار ئىجادىي نەتىـ
جىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مول تەجرىبىلەرنى
توپلىدى.

ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىـ
نىڭ كاللىسىنى قوراللاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىـ
قى ۋە تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر تۈرلۈك
مۇھىم ئۇل قۇرۇلۇشى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم
، ھۆكۈمەت ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى ئۈزـ
لۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق
ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك
قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى. پۈتۈن
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ماركسىزملىق
مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر
سىياسىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايـ
دۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكـ
تىۋىزملىق ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى كەڭ،
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
كۆپ مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش، مىللەتلەر ئىتـ
تىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۇـ
چۇن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە تۆھپىلىرىنى
زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى؛ ھەر مىللەت
خەلقىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانـ
لىق ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى، ئىتتىپاقلىق ۋە
بىرلىك دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى
ئىكەنلىكىنى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزـ
ئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك
مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىـ
نى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئورتاق نىشانى ۋە تارىخىي بۇرچى ئىـ
كەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىـ
يەتتە قويۇق بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
سىياسىي كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە

، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئۇنۇملۇك چىڭ تۇتتى. بۇنىڭدا نۇقتىلىق قىلىپ: پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مىللەت، دىنغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەت، دىن خىزمىتىگە دائىر بىر تۈركۈم قانۇن - نىزاملارنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسۋىتىنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىشنى تەكىتلىدى؛ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، قائىدە - نىزاملار توغرىسىدىكى تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى يولغا قويۇپ، نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاساس قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشتەك مىللەتلەر، دىن خىزمىتى مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق ئومۇملىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە قەتئىي ئىشىنىش توغرا، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە قەتئىي ئىشىنىش توغرا، دېگەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى، ماركسىزملىق «بەش قاراش» تەربىيىسى ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخى جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىق قىلدى ۋە بۇ توغرىسىدا توغرا، ئۇنۇملۇك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تارقاتقان تۈرلۈك سەپسەتىلەرگە يەنىمۇ رەددىيە بەردى ۋە ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئاپتونوم رايون يەنە ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ توغرا بولغان تارىخ، مەدەنىيەت قارىشىنى تىكلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز - باسارلىرىدىن بولۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار نەمۇنىچىلارنىڭ تىپىك ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قويۇق بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجادىيىتى. كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى ياخشى شەكىلگە ئايلاندى. بۇ پائالىيەت كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بۇ جەريان ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش پائالىيىتىگە ئايلاندى. بۇ ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئامما جانلىق بولغان ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىندى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى پائال يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاممىۋى ئاساس سالدى. 1983 - يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇدا 23 يىل مىللەتلەر ئىت-

تىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى . بۇ پائالىيەت ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى مەزمۇنلارغا ، جانلىق، مول بولغان هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، «5 ـ ئاي ئارقىلىق پۈتۈن يىللىق خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش » نىشانىغا يېتىلدى. هەر يىلى 5 ـ ئايدا، هەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلار ئاما ياقتۇرىدىغان شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر بىلىملەر مۇسابىقىسى، لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسى، سۆهبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر كىنولارنى قويۇش ھەپتىلىكى، ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى؛ كەڭ كادىرلار ۋە ئاما بۇ جانلىق، مول ، كۆپ خىل پائالىيەت جەريانىدا ھەم پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى، سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگەندى ھەم تەربىيىگە ئىگە بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ بىر نەچچە يىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل — ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەق ـ ناھەقنى توغرا پەرىقلەندۈرۈپ، مەسىلىلەرگە توغرا قارىغانلىقىدا ۋە بىر تەرەپ قىلغانلىقىدا.

**4 . مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي بوشاشماستىن قانات يايدۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كۈرىشى بەزىدە ئەۋج ئېلىپ، بەزىدە پەسىيىپ پەقەت توختاپ قالمىدى، ئۇ ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپكە ئايلاندى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دېگەن بۇ يەكۈنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بولۇپمۇ نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش» ، «پارچىلىۋېتىش» سىياسىي سۇيىقەستىنى داۋاملىق تېزلەتمەكتە. ئەتراپىتىكى جايلاردىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، خەلقئارادىكى تېررورچىلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتقىنى يوق . ئاپتونوم رايونىمىز دۇچ كەلگەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت تارىخىي تەرەققىيات يۈكسەكلىكىدىن ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، كەسكىنلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇپ، «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى پۇختا تىكلەپ، ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا باشلامچى بولۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

**بىرىنچىدىن، قەتئىي بوشاشماستىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى.** ماركسىزملىق مىللەت قارىشى،

دىن قارشى، تارىخ قارشى تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇردى. شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ خەلققە قارشى تۇرىدىغان، تارىخقا قارشى تۇرىدىغان، شۆھرەت ئۈچۈن ۋەتەننى ساتىدىغان ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋە ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە باشتىن - ئاخىر مەيدانى مۇستەھكەم، پوزىتسىيىسى ئېنىق بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**ئىككىنچىدىن، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك تۈپتىن تېزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى.** ئاپتونوم رايون «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى سالمىقىنى زورايتىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارىتا «تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىش، باش كۆتۈرگەن ھامان يوقىتىش، ئاۋۋال قول سېلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈرەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىدى؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر تارقاتقان تۈرلۈك سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ كۆپىيىش تۇپرىقىنى قەتئىي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «ھاۋادىن سىڭىپ كىرىش»كە قارشى تۇرۇش تەدبىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى، سىڭىپ كىرىشىنى باستۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاۋازىنى مىليونلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىگە، ۋەتەنگە ۋە سوتسىيالىزمغا ئىنتىلىشىنى كۈچەيتتى.

**ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى.** جايلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيە بېرىش، باشقۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارنى ياخشى تۇتتى. مەخسۇس خىزمەت بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغدىدى. «فالۇن گۇمپىسى» بىدئەتچىلىكى قاتارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى.

**تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي قىززىق نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە سەزگۈر مەسىلىلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ياخشى ھەل قىلدى.** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر، يەنى شەھەرلەردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ يۈكىنى ئازايتىش مەسىلىسى، يەر، ئوتلاق ماجىرالىرى قاتارلىق زىددىيەتلەر كۈنسېرى كۆپەيدى. بۇ مەسىلىلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا چېتىلىدىغان خىزمەتلەرنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭ، ئەگەر بۇ مەسىلە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ناھايىتى ئاسانلا ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئاسانلا ۋەقە تۇغدۇرىدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك

پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىلىرىنىڭ يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆز جايى ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان تىنچ بولمىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى تىرىشىپ بىخ ھالىتىدە ھەل قىلدى؛ تاساددىپىي يۈز بېرىدىغان ئاممىۋىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى؛ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تىرىشىپ ھەل قىلدى، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلىدى.

**بەشىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى.** مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن بولۇشىنى ساقلاشتىكى ئاچقۇچ — ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى يادرولۇق مەسىلە. شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشتىكى تۈپ يول. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتكەندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشلامچى بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. شىنجاڭنىڭ 50 نەچچە يىلدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتكەندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تارىخىي جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىدە زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر

بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئەمما بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭ ئىقتىسادى مۇناسىپ ئارقىدا قالغان، ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايون، تەرەققىيات يولىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار، بەزى مەسىلىلەر ناھايىتى گەۋدىلىك ۋە كەسكىن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر:

**بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ مىللىي رايون ئەھۋالىنى يەنىمۇ تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.**

شىنجاڭنىڭ مىللىي رايون ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، توغرا تونۇش بىزنىڭ ئەھۋاللارنى كۆزىتىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، توغرا تەدبىر تۈزۈشىمىزدىكى مۇھىم ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس. شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆپ مىللەتلىك رايونلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە رايون ئەھۋالىغا ئىگە. بۇنىڭدا:

بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مەنبەلىك تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئالساق، شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى يەنى، جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسى، ھىندىستان مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە ياۋروپا - ئامېرىكا مەدەنىيەت سىستېمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ شەكىللەنگەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بولسۇن، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى مۇشۇ تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئۆچرىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. شىنجاڭ تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ پەرقى دۆلىتىمىزدىكى باشقا ھەرقانداق بىر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن چوڭ.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ مىللەت تەركىبى ۋە نوپۇسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئالساق، شىنجاڭدا ھازىر ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق 47 مىللەت تەركىبى بار. ھەرقايسى مىللەتلەر چوڭ دائىرىدە ئارىلاش، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز مىللەت دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان. قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، روس، تاتار قاتارلىق ئالتە مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى چەتئەلدە.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تىل شەجەرىسىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ئالساق، توققۇز مىللەتنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسى، موڭغۇل تىل گۇرۇپپىسى ۋە مانجۇ توڭگۇس تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋەلىرى بار. يىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە ئىككى خىل تىل بار، ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىنى ئالساق، شىنجاڭ قەدىمدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولغان رايون. شىنجاڭدا ھازىر ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى (زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى)، خىرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پورۇسلاۋىيە دىنى، داۋجياۋ دىنى قاتارلىق ئالتە خىل دىن بار. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مىللەتلەر ئارىسىدا سامان دىنىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەتتە مىللەت بولۇپ، نوپۇسى 10 مىليوندىن ئاشىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

بەشىنچىدىن، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئالساق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا فېئودال جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ،

ئايرىم جايلاردا يەنە «مۇكەممەل يانچىلىق تۈزۈمى» ساقلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز، ھەم چوڭ ـ كىچىك يېشىللىق ئايرىپ تۇرغاچقا، پۈتكۈل ئىقتىساد زور دەرىجىدە بېكىنمە ۋە تارقاقلىققا ئىگە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، بەزى جايلاردا يەنە «مالغا مال ئالماشتۇرۇش» ئەھۋالى مەۋجۇت.

ئالتىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى ئالساق، شىنجاڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. دۆلىتىمىزدىكى دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قۇرۇقلۇق دۆلەت چېگرا سىزىقى ئەڭ ئۇزۇن، قوشنا دۆلەتلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون؛ يەنە بىر جەھەتتىن، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى مۇھىم بولغان بايلىق ئورنىنى باسىدىغان رايونى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بارغانسېرى مۇھىم تەسىرگە ۋە رولغا ئىگە.

يۇقىرىقى تەھلىلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە رايون ئەھۋالى ۋە ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، شۇنداقلا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئاز سانلىق مىللەت رايونى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، بىز تارىخ ۋە دەۋر تەرەققىياتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تارىخىي جەريانىغا قويۇپ كۆزىتىشىمىز، تونۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئامىلىنى كۆپ مىللەتلىك رايوننىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشقا پائال تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتى چوقۇم دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشى، ئىجادچانلىقتا باي بولۇشى لازىم. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

**ئىككىنچى، ھازىرقى باسقۇچتىكى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ**

شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساس ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى تېخى تولۇق قېزىلمىدى، ئىقتىساد ۋە خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نىسبىي پەرق كېڭىيمەكتە. شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىق ئۆلكىسى، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان رايون ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس بايلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار سۇ، تۇپراق، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەۋزەللىكى، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئەۋزەللىكى، ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكى، چارۋىچىلىق بايلىقى ئەۋزەللىكى، ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئەۋزەللىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، تارىخىي، تەبىئىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىدىن، شىنجاڭنىڭ بۇ ئەۋزەل بايلىقلىرى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ۋە تولۇق ئېچىلمىدى. ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سانائەت سىستېمىسى شەكىللەنمىگەچكە، بۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى نىسبەتەن ئار-

قىدا قىلىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، «باي ـ نامراتلىق» ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىگە ئايلاندى.

تەرەققىيات — دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان ئاچقۇچ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ. تەرەققىياتتىن ئايرىلىپ قالساق، باشقا ئىشلاردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پەقەت تەرەققىي قىلدۇرۇش چارىسى ئارقىلىقلا مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. شىنجاڭ نۆۋەتتە يېڭى ئىقتىسادى ئۆسۈش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈشكە جىددىي مۇھتاج. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتا، شىنجاڭ تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش مۇھىم ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ يېرى كەڭ، رايون ئەھۋالىدا پەرق چوڭ، بايلىق تۈرى ئوخشاش بولماسلىقتەك ئالاھىدە رايون ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئەۋزەل بايلىقلارنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى پائال يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئۇنىڭدىن زور نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك.

### ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى قاراشنىڭ قالاق بولۇشى شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت نىسبەتەن ئارقىدا قالغانلىقىدىكى سوبيېكتىپ سەۋەب

بۇ ئاساسلىق تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئۆز ـ ئۆزىنى قامداش ئەنئەنىۋى قارىشى ۋە بېكىنمىچىلىك ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك؛ ئىككىنچى، ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش قاتارلىق كونا قاراش، كونا ئىدىيە يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى قارىشى ئاجىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، رىقابەتلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش ئېڭى كەمچىل؛ ئۈچىنچى، ئايرىم ساندىكى كادىرلار «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن فاڭجېنىنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئايرىپ قاراپ، خاتا ھالدا قالايمىقانچىلىق چىقمىسىلا ئۇنى نەتىجە دەپ بىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە ھەمىشە ئارىسالدا بولۇپ ئالغا باسالمايۋاتىدۇ؛ تۆتىنچى، بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە كادىرلار ئارىسىدا «بوسۇغىسى ئېگىز، قاپىقى يامان، ھالى يوغان، ئىشى بىراۋاان بولۇش» ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، خىزمەت پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس، مۇلازىمەت ئېڭى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن.

بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى باشتىن ـ ئاخىر ئارقىدا قالدى، ھەر دائىم پۈتۈن مەملىكەتتىن بىر قەدەم ئارقىدا قالغاچقا، ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ ئېچىش شەكلىدە بەزى جايلار يەنىلا يېرىك ئىشلەش ھالىتىدە تۇرماقتا؛ ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر. 1979 ـ يىلدىن بۇيان 350 مىڭدەك ھەر خىل ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساسلىقلار شىنجاڭدىن باشقا جايلارغا كەتتى، ھازىرغا قەدەر ھەر يىلى يەنە 10 مىڭغا يېقىن كىشى سىرتقا كېتىۋاتىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كاپىتال، ئىختىساسلىقلار، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى جەلپ قىلىش كۈچى يەنىلا ئاجىز. شۇڭا، شىنجاڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىشى، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان تۈرلۈك ئاسارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىشى، ھۆكۈمەت خىزمەت ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلىشى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يېڭىلىشى، ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى، قانۇنچىلىق مۇھىتى

، بازار مۇھىتى، سىياسەت مۇھىتى، مۇلازىمەت
مۇھىتى ۋە جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىمىشى
كېرەك.

**تۆتىنچى، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قارىتا رېئال تەھدىت شەكىللەندۈردى، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل**

«ئۈچ خىل كۈچ» بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىـ
لىپ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، مەخپىي تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇپ،
قورال، ئوق ـ دورا ياساپ، بىر قاتار زوراۋانلىق
ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى. تولۇق بولمىغان ستا-
تىستىكىدىن قارىغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2001 ـ
يىلغىچە چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل
كۈچ» شىنجاڭدا 200 نەچچە قېتىم زوراۋانلىق،
تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلدى، ھەر مىللەت
ئاممىسى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دىنىي زاتلار
قاتارلىقلاردىن بولۇپ 162 كىشى ھاياتىدىن ئاي-
رىلدى، 440 كىشى يارىلاندى. نۇرغۇن پاكىتلار
«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى،
ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان
ئەڭ چوڭ خەۋپ ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭ تە-
رەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ توسالغۇ
ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ
تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىسى ئى-
كەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇزۇندىن بۇيان،
چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى
كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز زې-
مىنىدىن ئايرىۋېتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى
تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنى ئىزچىل توختاتمىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كىرگەندىن
بۇيان، خەلقئارادىكى مىللەت، دىن مەسىلىسى-
نىڭ كۈنسېرى گەۋدىلىك بولۇشىغا ئەگىشىپ،
چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى
ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ بارغانسېرى جانلىنىپ
، شەكلى ۋە ۋاسىتىسى كۆپ خىللاشتى. ئۇنىڭ
ئىسپاتلىرى:

بىرىنچى، ئۇلار تەشۋىقات، مەدەنىيەت، ما-
ئارىپ، دىن قاتارلىق ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە
غالجىرلارچە سىڭىپ كىرىپ، كىتاب، ژۇرنال
چىقىرىش، ئويۇن قويۇش، لوزۇنكا چاپلاش،
تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، ۋەز ئېيتىش، ئۈن ـ
سىن بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، توردىن پايدىلى-
نىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ
سىياسەت، فاڭجېنلىرىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن
ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىنى جۈملىدىن
مىللەت ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى بۇرمىلاپ
، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇناسى-
ۋىتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن پارتىيە،
ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، ئاتالمىش
«تۈركى مىللىتى ئورتاقلىقى نەزەرىيىسى»، «-
پانتوركىزم»، «پانئىسلامىزم»نى تەشۋىق قى-
لىپ، «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشنى
تەرغىب قىلدى. بىر قىسىم قانۇنسىز دىنىي ئە-
سەبىي ئۇنسۇرلار ئاتالمىش دىنىنى پاكلاشتۇرۇش،
دىنىنى ئىسلاھ قىلىش تونىغا ئورنىۋېلىپ پارتى-
يىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىگە، ۋەتەنپەرۋەر
دىنىي زاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، دىنىي ئەسەبىي-
لىكنى قۇتراتتى.

ئىككىنچى، ئۇلار بولۇپمۇ بىزدىن ياش ـ
ئۆسمۈرلەرنى تالىشىش كۈرىشىنى كۈچەيتتى.
ئۇلار ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاددىي،
ئىجتىمائىي كەچۈرمىشى ۋە ھەق ـ ناھەقنى پەرىق
ئېتىش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇشتەك ئاجىزلى-
قىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل
سەپسەتىلىرىنى ئۇلارغا سىڭدۈرمەكچى بولدى.
بىر قىسىم ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۇلارنىڭ زىيانكەش-
لىكىگە ئۇچرىدى. «ئۈچ خىل كۈچ» تەرغىب
قىلغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بىر
قىسىم ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك
چوڭقۇرلاشتى ھەتتا بەزىلىرى «ئۈچ خىل كۈچ»-
نىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئىدېئو-
لوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى
يوشۇرۇنلۇقتا، ئومۇملىقتا، كۆپ خىللىقتا ۋە زور
خەۋپلىككە ئىگە. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىر مەيدان ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە كەسكىن كۈرەش، ئاممىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، بازىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەيدىغان كەسكىن سىياسىي كۈرەش.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1997 ـ يىلىدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ تەشكىلاتىدىن جەمئىي 496 نى يوقاتتى، جىنايەت گۇماندارلىرىدىن 4760 نى قولغا چۈشۈردى؛ بىر تۈركۈم قورال ياساش ئۇۋىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، زور تۈركۈمدىكى تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى يىغىۋالدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەمما، بىز «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارشى كۈرەشنىڭ مۇشكۈللىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن فاكتىبىندا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

**بەشىنچى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدە كۆرۈلگەن بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە سەلبىي تەسىرگە ئىگە**

بىر قىسىم پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى مەسىلىلىرى ۋە چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. مىللەتلەر مەسىلىسى ئەزەلدىن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش بەلگىلىگەن. مىللەتلەر مەسىلىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئايرىلىپ ئاساسسىز پەيدا بولمايدۇ، تەنھا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇنى ئالاھىدە ئىجتىمائىي شارائىت بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ سەزگۈرلۈككە، مۇرەككەپلىككە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىككە ئىگە.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز بىر تەرەپتىن يېڭى ـ كونا تۈزۈملەر ئالمىشىشتەك ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرىۋاتىدۇ، يېڭى تۈزۈلمە، سىياسەتلەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمەتنىڭ بەزى ھالقىلىرىدا مەسىلەن، بىر قىسىم ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىدا ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، ئىسراپچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى ئېغىر. نۆۋەتتە شىنجاڭدا 30 نەچچە نامرات ناھىيە (شەھەر) بار، بۇ ناھىيىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى ئاران 1138 يۈەن، شەھەرلەردە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار بىر قەدەر جىق. قىسقىسى شىنجاڭدا نامرات ئاھالىلەر كۆپ، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاھالىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسلاھاتتا بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر نىسبەتەن ئاجىز.

شۇڭا، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئەگەر بۇ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلمىسە ۋە ھەل قىلىنمىسا، مىللىي زىددىيەت ۋە مىللەتلەر مەسىلىسى كەسكىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ توغرىسىدىكى مىساللار ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالدا پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىنتايىن ئالاھىدە ۋە ئىنتايىن زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ئىدارە قىلىش، پارتىيىنى ئىدارە قىلىشتا قاتتىق بولۇش لازىم. بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا تېخىمۇ زۆرۈر ۋە مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئومۇملۇقتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار قاتارىدا تۇتۇشى، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بولۇپمۇ قىيىنچىلىق كۆپ، مەسىلە كۆپ، زىددىيەت كۆپ رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ جايدا ساقلانغان كونكرېت مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى ۋە تەھلىل قىلىشى، نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولسىلا چوقۇم تېزدىن ھەل قىلىشى، بىر قېتىمدا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمىسا ئاممىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ تەدرىجىي ھەل قىلىشى، مۇقىمسىز ئامىللارنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تۈگىتىشى لازىم.

## ئالتىنچى، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش — رېئاللىقنىڭ جىددىي ئېھتىياجى

مىللەتلەر خىزمىتى نەزەرىيىۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت، مىللەتلەر خىزمىتى ئومۇمىيلىقتا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قەدەر زور ئالاھىدىلىككە ئىگە. نۆۋەتتە، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىۋاتقان، دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەن ۋە تەرەققىيات رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يەنە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەلىپى بويىچە نەزەرىيىۋى ئاساسى ياخشى، سىياسەت سەۋىيىسى يۇقىرى، ئەمەلىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك كادىرلارنى مىللەتلەر خىزمىتى ئورگانلىرىغا سەپلەش لازىم. مىللەتلەر خىزمىتى كادىرلىرى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېڭى ۋە تەخىرسىزلىك ئېڭىنى كۈچەيتىشى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي قاراش ۋە ئۇسۇللارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئىگىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي نەزەرىيە ۋە تەدبىرلەرنى جانلىق قوللىنىش ئىقتىدارىغا، مۇرەككەپ مۇھىتتا، كۈچلۈك بولغان تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، ئالدىن مۆلچەرلەش، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ فونكسىيىنى ئۆزگەرتىشى، مىللەتلەر خىزمىتىنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش، ئېغىزدىلا سۆزلەپ قويۇش ئىدىيىسى ۋە چارىلىرىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىشى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى، پائال تۈردە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن توغرا، نۇرغۇن سىياسىي ئاساس ۋە ئەمەلىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىشى لازىم.

**غەلبىخان مەمتىلى** تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: **قۇربان مۇھەممەت**

# ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا

(2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى ئېچىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىدى — پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك پارتكوم 10 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇپ، «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بايا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ليۇ جېنچياڭ مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئۆتتى. تۆت تارماق چوڭ يىغىندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سۆزى قىلدى، ئۇلار يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى جەھەتتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تۆۋەندە مەنمۇ بىر قانچە پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

**بىرىنچى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش لازىم**

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر دېگىنىمىز، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. رايونىمىزدا تاجىك، ئۆزبېك، روس ۋە تاتار قاتارلىق تۆت مىللەت نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 73 مىڭ 680 كىشى. بۇ تۆت مىللەت ئاساسەن قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ۋە ئالتاي ۋىلايىتى قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت ئوبلاستنىڭ 19 ناھىيە، شەھىرىگە، 44 يېزا - بازار، 95 مەمۇرىي كەنتكە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. تارىخىي ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار تۈپەيلىدىن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا تۇرماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇ خىزمەتنى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى قاتارىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، «شىنجاڭدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە ئائىت ‹10 - بەش يىللىق› پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھىسى

» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى يولغا قويدى.

بۇ پىلان 2002 ـ يىلى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، جايلار، تارماقلار بۇ خىزمەتنى ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىيات پىلانىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمەتلىرى بىلەنمۇ بىرلەشتۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە زور كۈچ بىلەن يار ـ يۆلەك بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ قانات يېيىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە، پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر ئاساسەن ئورۇنلىنىپ بولدى. ئورۇنلىنىپ بولغان پىلان تۈرى 80 نەچچە بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 230 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.. بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆل مۇئاسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ خېلى زور يۈكسەلدى.

ئەمما بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ جايلارنىڭ قالاق قىياپىتى تېخى تۈپ ئاساستىن ياخشىلانغىنى يوق، ئۇلار يەنە نۇرغۇن مەسىلە ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر. نۆۋەتتە ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 95 كەنت ئىچىدە، يەنە 23 ىگە تاشيول ياسالمىدى، 52 سىگە تېلېفون ئالاقىسى ئورنىتىلمىدى، 60 ىگە پوچتا يەتكۈزۈلمىدى، 52 سى تېلېۋىزور كۆرەلمەيۋاتىدۇ، 21 ىگە توك تۇتاشتۇرۇلمىدى، 55 سىدە سىملىق رادىئو ئۈزۈلى يوق، 72 سى بىخەتەر سۇ ئىچىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى، 37 كەنتتە تېخى باشلانغۇچ مەكتەپمۇ يوق، 68 كەنتتە سەھىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلىنمىدى. مانا بۇ ئۇلار بىر قەدەر توپ ئولتۇراقلاشقان 95 كەنت ئىچىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق كەنتلەر بولۇپ، بۇ كەنتلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى يەنىلا ئاجىز.

ئالاھىدە سىياسەت بەلگىلەش، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا رايونىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدا باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ۋە زۇڭلى ۋېن جىاباۋ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. زۇڭلى ۋېن جىاباۋ پۈتۈن دۇنيا نامراتلىرىغا يار ـ يۆلەك بولۇش يىغىنىدا تەنتەنە بىلەن ۋەدە بېرىپ: 2010 ـ يىلىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نامراتلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بولىمىز، مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز 22 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىمۇ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىمىز، ئۇلارنىڭ باشقا رايونلاردىن بۇرۇن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز، دېدى. بۇ يىل 5 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى، ھەم «مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار» نى تارقاتتى، گوۋۇيۈەن يەنە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا دائىر بىر قانچە ماددىلىق بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتى مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك تەرەققىيات ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى قاتارلىق بەش تارماق پائال ھە-

رىكەتكە كېلىپ «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ (2005 — 2010) يىلىغىچە بولغان تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ تەييارلىدى. بۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۇنى چوڭ ئىرادە بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەركەز ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بولغانىكەن، بىزمۇ ھەرىكەتلىنىشىمىز لازىم. شۇڭا، كۆپچىلىك تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر خىزمىتىنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**1 . نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى .** دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى »دا بەلگىلەنگىنىدەك، مىللەتلەر چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلماستىن، ھەممىسى بىردەك باراۋەر . ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش ، يېڭى ئەسىر ، يېڭى باسقۇچتىكى مەملىكىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى. بىر مەزگىل مەركەزلىك ھالدا مەلۇم مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا زور كۈچ بىلەن يار ـ يۆلەك بولۇش پارتىيىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قوللانغان بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى ئەسىر ، يېڭى باسقۇچتا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر قېتىملىق يېڭى ئەمەلىيەت ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت پائالىيەت بولۇپ ، بۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . رايونىمىز كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىزنىڭ مۇھىم ئەزالىرى ، ئۇلار تەرەققىيات جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىش، يار ـ يۆلەك بولۇش ، ئۇلار يولۇققان پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز . شۇڭا كۆپچىلىك تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، پىكىر يولىنى ئېچىپ ، يېڭى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ، بۇ ئارقىلىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى، بۇنىڭ بىلەن رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى پۇختا ، ھەقىقىي ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**2 . نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپ تەدبىر .** پارتىيىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك ، سىستېمىلىق بايان ئىزاھاتى بەردى . بۇ يىل يىل بېشىدا ، شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان رەھبىرىي كادىرلار يىغىنىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىدىيىۋى تونۇشنى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى جايلارنىڭ ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ، ئۆز تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ ، ئۇنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشنى ، ھەمدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ، ئاممىۋىي خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى . پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر قاتار فاڭجېن ، سىياسەتلىرى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ۋە تەلىپى بىلەن بىردەك . تارىخىي ، جۇغراپىيىلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن رايونىـ

مىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە پەرىق ساقلانماقتا. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن كونكرېت ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى.

**3 . نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى .**

تەرەققىيات پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشتىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى. شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە دائىر بىرىنچى تەلەپ. نۆۋەتتە رايونىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەمما بىز يەنىلا خېلى كۆپ قىيىنچىلىقتا ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا باشلامچى بولۇش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ماھىر بولۇش — بىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي تەلەپ بولماقتا. بىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر دۇچ كەلگەن تەرەققىيات مەسىلىسىنى پىلانلىق تۈردە ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىمىز، ئۇلارنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىشىمىز، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەڭ قەدەم بىلەن ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش كۆرەش نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. جايلار، تارماقلار جەزمەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يۈكسەكلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىدە، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، بۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، تېخىمۇ پائال، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى لازىم.

**ئىككىنچى ، نەزەرىيىۋى پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، پىلان بەلگىلەپ ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ زور تەدبىرى. جۇملىدىن يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە. بۇنىڭدىكى باش تەلەپ ۋە تۈپ نىشان مۇنداق: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش ئاساسىي تېمىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر ۋە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى ھەممىدە ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىز-

مەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ ۋە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى جايلارنىڭ شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ئارقىلىق، 5 - يىل ئىچىدە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش ئىمكانىيىتىگە، شۇ جايلاردىكى ئامما ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا يولۇققان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، نامرات ئاھالىلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تولۇق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى شۇ جايدىكى ئوتتۇرىھال ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، كېيىن يەنە بىر مەزگىللىك تىرىشچانلىق بىلەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، ئىجتىمائىي ئامىلى ۋە تەرەققىيات ئاساسى قاتارلىق تۆت جەھەتنى تولۇق ئويلىشىش لازىم. يۆلەك بولىدىغان ئاساسىي نۇقتىدىمۇ ئاز - تولا ئېغىر - يېنىكلىك نۇقتىسى بولۇشى لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇھىمىنىڭ مۇھىمى قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. «11 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە، رايونىمىزدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش جەھەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

**بىرىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.** بۇنىڭدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى قول سېلىپ ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائىتى قۇرۇلۇشى، قاتناش ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە «قاتناش، ئېلېكتر، رادىئو - تېلېۋىزىيە، تېلېفوندىن ئىبارەت تۆتنى ئومۇملاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ بىخەتەر ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى، بىخەتەر تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

**ئىككىنچى، خاس مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** بۇنىڭدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلغار، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ مول ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قېزىپ، رەتلەپ، ساياھەت كەسپىنى، مىللىي ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ، بارلىق چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**ئۈچىنچى، مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.** ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مائارىپى، مەدەنىيەت ئىشلىرى، سەھىيە ئىشلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلىرى بىر قەدەر قالاق، بۇ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز

مىللەتلەر تەرەققىياتىنى تىزگىنلەۋاتقان مۇھىم ئامىل. مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا، بازارلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ ۋە يېزا - بازارلىق سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىلىرىنى ھەمدە يېزا دەرىجىلىك داۋالىنىش - داۋالاش تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇشىنى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم. رادىئو - تېلېۋىزىيىنى يېزىمۇ - يېزا، كەنتمۇ - كەنت تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چەت - يىراق يېزا - كەنتلەرنىڭ رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

**تۆتىنچىدىن، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خاراكتېرلىك ئېچىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم.** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشى ئاسراپ، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىتنى قوغداش تۈرلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش لازىم.

**بەشىنچى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي كەنت كادىرلىرىنى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى قاراتمىلىق ئاساستا تەربىيىگە ئىگە قىلىش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتتىن بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنى باشقا جايلارغا بېرىپ ئوقەت قىلىشقا، سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى ياخشىلاپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ساغلاملىق سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ۋە تۇرمۇش ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك يۈكسەلدۈرۈپ، بۇ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە تەرەققىيات ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىشىمىز لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا «تۆت تۇتۇشۇش»، «بەش بولۇش» (ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش، داۋالىنىدىغان دوختۇرخانا بولۇش، ئادەم، ھايۋانلار ئىچىدىغان بىخەتەر، پاكىز سۇ بولۇش، بىخەتەر ئولتۇراق ئۆي بولۇش، مۇقىم كىرىمگە ئېرىشەلەيدىغان مەنبەلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تۈرى بولۇش) نى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر تۈرلۈك سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم**

مەركەز دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار تەرەققىياتىنى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. بۇ يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرى بەرگەن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇق ۋە مەركەز ئاچقان مىل-

# شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئىنتايىن ئاز مىللەتلەردىن

## ــ روس مىللىتى

روس مىللىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 15609 نەپەر بولۇپ، شىنجاڭدا 8935 نەپەر روس ئاھالىسى بار (5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن چىقىرىلغان سان ئاساس قىلىندى). ئۇلار ئاساسلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە - شەھەرلەرگە، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا تارقالغان. روس مىللىتىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى تارقاق بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەر - بازارلارغا ئولتۇراقلاشقان. يېزا - كەنتلەردە نىسبەتەن ئاز. كەنتلەردىكى روسلار ئاساسلىق تۆۋەندىكى ئۈچ كەنتكە مۇناسىپ ھالدا مەركەزلەشكەن. قورغاس ناھىيىسى ئىچكاشەن شىبە يېزىسى يارسۇ كەنتى، چۆچەك شەھىرى ئەرگۈك بازىرى ئاياغ قاراڭگۇر كەنتى ۋە دۆربىلجىن ناھىيىسى قوشبېك نەسىللىك چارۋا مەيدانى قازاق كەنتى.

سۈرەت ۋە خەۋەرلەرنى لۇجيەن تەمىنلىگەن



دۆربىلجىن ناھىيىسى قوشبېك نەسىللىك چارۋا مەيدانى قازاق كەنتىدە 7 ئائىلىلىك روس، 3 ئائىلىلىك تاتار، 2 ئائىلىلىك ئۆزبېك بار. سۈرەتتە: ۋەتەنگە قايتقان روس مۇھاجىر ئائىلىسى.



قورغاس ناھىيىسى ئىچكاشەن شىبە يېزىسى يارسۇ كەنتىدە 21 ئائىلىلىك روس بار. سۈرەتتە: بۇ كەنتتىكى بىر روس ئايال.





چۆچەك شەھىرى ئەرگۈك بازىرى ئاياغ قاراڭگۇر كەنتىدە 7 ئائىلىلىك روس بار. سۈرەتتە: بۇ كەنتتىكى روسلار



چۆچەك شەھىرى ئەرگۈك بازىرى ئاياغ قاراڭگۇر كەنتىدىكى روس.



تولقا ناھىيىسى جىلىلىيۈزى بازىرى تاش كۆۋرۈك كەنتىدىكى روس ئايال



غۇلجا ناھىيىسى تۇرپانيۈزى بازىرى يۇقىرى تۇرپانيۈزى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بارېس ئائىلىسى.



بارېسنىڭ ئايالى بولكا ئۇچۇقى ئالدىدا.



بارېسنىڭ ئايالى ۋە كىچىك ئوغلى.



بارېسنىڭ چوڭ ئوغلى.



كۈنەس ناھىيىسى كۈنەس بازىرى توقاي كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق رۇس ئايال، ئۇ 1939 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن سىبىرىيىدىن ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن.



غۇلجا شەھرىدە 561 نەپەر رۇس ئاھالىسى بار بولۇپ، ئۇلار نىسبەتەن مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، روسلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تىلى قاتارلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نىسبەتەن مۇكەممەل. سۈرەتتە: غۇلجا شەھرىلىك رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى لۇدا.




غۇلجا شەھرى رۇس مەكتىپى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىردىن بىر رۇس مەكتىپى بولۇپ، ھازىر 84 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە 10 نەپەر رۇس ئوقۇغۇچى بار. سۈرەتتە: مەكتەپ مۇدىرى رىنىيوف نىكولاي.

تونيا بىلەن لۇدا





تونيا. رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى



رۇس باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.



① رۇس مۇئەللىم نايىرا دەرس ئۆتمۇاتىدۇ.
② نايىرانىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەرسخانىدا تولىمۇ ئەركىن - ئازادە.
③ نايىرا ئوقۇغۇچىلىرىغا روسچە ئۆگىتىۋاتىدۇ.
④ رۇس باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن قايتتى.



بولكىچى ئۇستام رىما بولكا سېتىۋاتىدۇ.



بولكىچى رىمانىڭ ھويلىسى.



غۇلجا شەھىرىدىكى دوڭجېڭجياۋ چېركاۋى



چېركاۋ باقارمىنى ئالېكساندىر.




مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش، بولكا پىشۇرۇش روسلارنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارىتىنىڭ بىرى. سۈرەتتە: غۇلجا شەھىرى ئەخمەتجان كوچىسىدىكى بولكىخانا ۋە مۇزىكا ئەسۋاپلىرى رېمونتخانىسى.




جۇڭگو قازاقىستان چېگرىسىدىكى قورغاس چېگرا ئېغىزى.

لەتلەر خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت سالمىقىنى كۈچەيتتى. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشنىڭ نىشان ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلىشىپ بولدى. سىياسەت، تەدبىرلەر ئىنتايىن ئېنىق بولدى، دۆلەتنىڭ پىلانىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىمۇ كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر، ھەرقايسى تارماقلار ئۆز ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى مەركەزنىڭ تەدبىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «دۆلەت يار - يۆلەك بولۇش، ئۆلكە مەسئۇل بولۇش، ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، پۈتكۈل كەنت ئىلگىرى سۈرۈش» فاڭجېنى بويىچە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئوبدان ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەرقايسى ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**( 1 ) ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى لازىم.** نوپۇسى ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇشتا، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھالقا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتۇشى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە ( شەھەر ) لەرنىڭ ھاكىملىرى، شەھەر باشلىقلىرى بۇ خىزمەتتىكى تۇنجى مەسئۇلىيەتچى بولۇشى، ئۇلار مەخسۇس تۈرلەر بويىچە پىلان تۈزۈشكە جەزمەن مەسئۇل بولۇپ، يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، مەخسۇس ئورگان بەلگىلەپ، مەخسۇس كىشىنىڭ مەسئۇل بولۇشىنى ئېنىق بېكىتىشى لازىم. شۇنداقلا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى كەنتلەرگىچە، ئائىلىلەرگىچە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە كادىرلارنى تاللاپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا - كەنتلەرگە ئەۋەتىپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا، باشلامچىلىق بىلەن تېزلىكتە قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش كېرەك.

**( 2 ) ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلار نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى لازىم.** نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش ئۇنىۋېرسال خىزمەت، ئۇ ھەر تەرەپكە چېتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسئۇلىيىتى بار. ھەرقايسى تارماقلار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان تەلىپى بويىچە، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى لازىم. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق بەش تارماق تۈزۈپ چىققان «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش پىلانى ( 2010 — 2005 )» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشتا قوللىنىدىغان مەخسۇس پىلان تۈزۈپ چىقتى. جايلار، تارماقلار نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئورنىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ «11 - بەش يىللىق» پىلانىغا ۋە يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت قوللاشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قاتنىشىشىنى سەپەرۋەر قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقى ۋە يار - يۆلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى ۋە ياردىمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەبلەغ، تۈر جەھەتتە مايىللىشىپ،

كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش سالمىقىنىمۇ ئاشۇردى. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پىلانىنى يولغا قويۇشنى قوللاپ، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، يار - يۆلەك بولۇشنىڭ ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئالاقىدار رايونلار نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، تىرىشىپ شەرت - شارائىت يارىتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

**( 3 ) تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلاش لازىم.** نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى باشتىن - ئاخىر نامايەن قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتەك ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. تەشۋىقات خىزمىتىنى يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئاممىنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش، بۇ خىل سىياسەتنى بىلىدىغان قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنىڭ يېڭى مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەرنىڭ قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش لازىم.

**( 4 ) ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.** جايلار، تارماقلار ئۆزئارا زىچ ماسلىشىشى، زۆرۈر تېپىلغان تۈزۈملەرنى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇۋاپىق كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى لازىم. ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭغان كوللېكتىپلارنى ۋە تىپىك شەخسلەرنى تۇرغۇزۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆزىدىكى ئىجادچانلىقىنى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات خىزمىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر خىزمىتىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر پىشقان ئوي - پىكىر، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر ۋە ئاساسىي تەجرىبىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئۇنىۋېرسال ھالدىكى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان تەكشۈرۈش، نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشى، بۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى، يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

يولداشلار، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە يار - يۆلەك بولۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان خىزمەت، شۇنداقلا دەۋر بىزگە يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچ. بىز چوقۇم يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا ئىشلەپ، رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور ھەم يېڭى تۆھپە قوشايلى.

**مەخمۇت ئىنايەت تەرجىمىسى**

**تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت**

# مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش تېزىسى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى
لىيۇ جېنچياڭ

(2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

يولداشلار:

گوۋۇيۈەن بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، مەن ھازىر يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاساسىي روھىنى يەتكۈزىمەن.

## بىرىنچى، يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاش ۋە ئالماشتۇرۇش، «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش پىلانى (2005—2010)»نى يولغا قويۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش.

بۇ قېتىمقى يىغىن دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم ئاچقان، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇشنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، گوۋۇيۈەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ، زۇڭلى ۋېن جياباۋ مۇھىم يوليورۇقلارنى چىقىرىپ، يار - يۆلەك بولۇش سالمىقىنى زورايتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان 22 مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتا ياردەم بېرىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. زۇڭلى ۋېن جياباۋ دۇنيا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش يىغىنىدا، 2010 - يىلىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزدە ھازىر بار بولغان نامرات ئاھالىنىڭ تويۇنۇش - كىيىنىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىمىز، ئېلىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان 22 مىللەت ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، باشقا ئوخشاش خىلدىكى رايونلارنىڭ نامراتلىقنى ئازايتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىن بالدۇر بولۇشىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

دۆلىتىمىزدە ھازىر ئاھالىسى 100 مىڭدىن تۆۋەن بولغان 22 مىللەت بار بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان 22 مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان بەزى مىللەتلەر بىر قانچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ باراۋەر بىر ئەزاسىغا ئايلاندى ھەمدە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. ئەمما تارىخىي، تەبىئىي شارائىت قاتارلىق تۈرلۈك جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىج-

تىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، تەرەققىياتتا دۇچ كەلگەن ئالاھىدە قىيىنچىلىق خېلىلا كۆپ. بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. «سۆز»دە ئومۇمىيلىق ۋە ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇلۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى چوڭقۇر شەرھىيلەنگەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىنغا شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، خېيلۇڭجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭشى، گۈيجۇ، يۈننەن، شىزاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىسى شۇنداقلا تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مىللەتلەر (دىن) ئىشلىرى كومىتېتى (نازارىتى)، مالىيە نازارىتى، خەلق بانكىسى، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى؛ ئېلىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان 22 مىللەتنىڭ ۋەكىلى؛ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىكلىرى، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە قورallıق ساقچى قىسىم ئەترىتى قاتناشتى. گوۋۇيۈەن يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئازادلىق ئارمىيە باش مەسلىھەت بۆلۈمى، باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى شۇنداقلا تاجىك، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى قاتارلىق مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى شۇنداقلا ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، يۈننەن، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىندا سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن «ياخشى پىلان تۈزۈپ، بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا سۆزىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى ئەھۋالى، تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر بۇ خىزمەتنى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ كەلدى. «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ نوپۇسى

بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك
بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى جاۋابى » ( گ
بـ[2004] 44 ـ نومۇرلۇق ) تارقىتىلغاندىن بۇيان ،
شىنجاڭ تەشكىلىي رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇش ،
تەرەققىياتقا يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانىنى تۈزۈش ،
تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق
تەدبىرلەر ئارقىلىق ، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنى
كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر-
نى قولغا كەلتۈردى . بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، دۆ-
لەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ، شىن-
جاڭ 80 نەچچە تۈرنى تاماملىدى . ئۇنىڭغا جەمئىي 231
مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى . بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا
قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىل-
لەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتى-
سادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى
. بۇنىڭ بىلەن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيـ-
تىلدى . ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى ، تۇرمۇش سەۋى-
يىسى ئۆستى .

## ئىككىنچى ، يىغىننىڭ ئاساسىي روھى

( 1 ) بۇ قېتىمى يىغىننىڭ ئېچىلىشىنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشى

مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر-
نىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى يى-
غىنى مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدىن كې-
يىن ئېچىلغان ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى
جەھەتتىكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن . يى-
غىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : بۇ يىل ئېلىمىز
مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدىكى داغدۇغىلىق بىر
يىل بولدى ، مىللەتلەر خىزمىتىدە چوڭ ئىشلار ،
مۇھىم ئىشلار ، خۇشاللىنارلىق ئىشلار كۆپ بولغان
بىر يىل بولدى . شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پائالىيىتى نىسبەتەن
كۆپ بولغان بىر يىل بولدى . پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى
ئېچىپ ، «مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ
، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار »نى تارقاتتى . گوۋۇ-
يۈەن «« جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ›نى يولغا قو-
يۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە »نى ئېلان قىلدى .
بۇ يىل گوۋۇيۈەننىڭ 90 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار
يىغىنىدا تۇنجى قېتىم نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىل-
لەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا دائىر
سىياسەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى . گوۋۇيۈەننىڭ ما-
قۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ، دۆلەتلىك مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق بەش مىنىستىرلىك ،
كومىتېت بىرلىكتە «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەت-
لەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانى
(2005 ـــ 2010 ) »نى تارقاتتى . بۇمۇ دۆلىتىمىزنىڭ
مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق
ئىش . مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ، مەملى-
كەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەق-
قىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ
ئېچىلىشى ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلى-
نىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ھەم ۋاق-
تىدا بولدى .

( 2 ) نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تە-
رەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ يې-
تەكچى ئىدىيىسى

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك
قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ،
ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئومۇ-
يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار
نىشانىنى چۆرىدەپ ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلىش ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش ئاسا-
سىي تېمىسىنى چۆرىدەپ ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايون-
لارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە يېڭى باسقۇچتىكى
نامراتلارنى يۆلەش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن
تولۇق پايدىلىنىپ ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ،
ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى ۋە ئالاقىدار
مەخسۇس تۈرلەر پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ ، نوپۇسى بىر
قەدەر ئاز مىللەتلەر ئاممىسىنى ئوبيېكت قىلىپ ،
نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇ-
راقلاشقان كەنتلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ،
تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە دېھقان ـ چارۋى-
چىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قى-
لىپ ، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئار-

قىسىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، خىزمەت سالمىقى ۋە مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئۆز جايىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

( 3 ) نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ، تەرەققىيات نىشانى ، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە خىزمەت فاڭجېنى

دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دۆلەت كۈچى ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشقا يار ـ يۆلەك بولۇشقا شارائىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بار . مەركەزنىڭ بىر تەدبىرنى چىقىرىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە چوڭ سىياسەتنى يولغا قويۇش » ، «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ » ، «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش »نى ئىلگىرى سۈرۈش ناھايىتى ۋاقتىدا بولدى ھەم توغرا بولدى . شۇنداقلا بۇنى پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ ھەم نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتتىن بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى ھەم يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى ئېلىمىز ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولدى.

تەرەققىيات نىشانى : بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇشىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ، ھازىر بار بولغان نامرات ئاھالىنىڭ كىيىنىش ـ توينىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى شۇ جاينىڭ ئوتتۇرىھال ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكۈزۈش. يەنە بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىلىق ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە يەتكۈزۈش .

ئاساسلىق ۋەزىپە: ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئالاھىدە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ ، سەھىيە ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش.

خىزمەت فاڭجېنى: دۆلەت يار ـ يۆلەك بولۇش، ئۆلكە مەسئۇل بولۇش، ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش.

**( 4 ) نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كونكرېت تەلىپى**

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا، يىغىنىدا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

بىرىنچىدىن، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۈ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئېلىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر . مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى جىددىي تەلەپ. بىز چوقۇم

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش يۈكسەكلىكىدە، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، تەخىرسىزلىك، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇئاۋىن زۇڭلى خۇي لياڭيۇ سۆزىدە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە «بەش چىڭ تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يەنى بىرىنچى، ئۆز رايون ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىش كۆرۈش. تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىككىنچى، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، كەنت بويىچە تۇتۇش، ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ تۆتىنچى، پائال ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش؛ بەشىنچى، دۆلەت يار ـ يۆلەك بولۇش، تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بېرىش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقىنى تۆت جەھەتتىن زورايتىش لازىم. يەنى بىرىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى، ئالاھىدە ئىگىلىك ۋە ئەۋزەل كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئۈچىنچى، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ تۆتىنچى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە روشەن بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەمۇرىي كەنتلەردە، «تۆتنى يەتكۈزۈش، بەش بولۇش، ئۈچكە يېتىش»نى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئالدى بىلەن ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى، ئۆلكە (رايون)، شەھەر (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر)لەر نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئاساسلىق رەھبەر ئۆلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى سىياسىي ۋەزىپە دەپ قارىشى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ناھىيىنىڭ ھاكىمى بىرىنچى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئالاقىدار تارماقلار مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى بىر تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال خىزمەت بولۇپ، ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى بار. شۇڭا، تارماقلار مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانى (2005—2010)» غا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. تارماقلار ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە، ۋەدە قىلغان تۈرلەر ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشى كېرەك. ئۈچىنچى، تەرەققىي قىلغان رايونلار، چوڭ شەھەرلەر ۋە چوڭ كارخانىلار كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى

كومىتېتى بىلەن دۆلەتلىك تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچىلىق بىلەن كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىشنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ تۆتىنچى، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈنۈۋېرسال ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

### ( 5 ) بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى ئېلىمىز ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن، مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن بولدى. دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى خاتىرىلەشكە، ئالاھىدە ماختاشقا، چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ياخشى چاغدا ئېچىلدى، يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

## ئۈچىنچى، يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى

( 1 ) مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

جايلار، تارماقلار رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋ، زۇڭلى ۋېن جياباۋنىڭ تەستىقى يولييورۇقىنىڭ روھى ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانى (2005 — 2010 )»نى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، «يار ـ يۆلەك بولۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى خىزمەت ۋەزىيىتى بەرپا قىلىشى كېرەك. بەش جەھەتتىن ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، «يار ـ يۆلەك بولۇش» خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى چىقىش قىلىپ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تۇرغۇزۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر «يار ـ يۆلەك بولۇش»نىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھەنى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈشكە، ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، «يار ـ يۆلەك بولۇش»قا كۈچ چىقىرىشى، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك.

( 2 ) «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش» تىن ئىبارەت

مىللەت، دىن خىزمىتى ئاساسىي تېمىسىنى زىچ
چۆرىدەپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تە-
رەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققى-
ياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

تارىخىي، تەبىئىي شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن، رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز
مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئۇل
قۇرۇلۇشى ئارقىدا قالغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇر-
مۇش شارائىتى نىسبەتەن ناچار بولۇپ، مەدەنىيەت،
مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى خېلى زور قى-
يىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان
، شىنجاڭ «يار - يۆلەك بولۇش» خىزمىتىدە مەلۇم
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما نوپۇسى بىر
قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا نۇرغۇن
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردىكى
ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە دۇچ
كەلگەن قىيىنچىلىقلىرى پۈتۈنلەي ھەل بولۇپ
كەتكىنى يوق. يەنە داۋاملىق زور كۈچ بىلەن قوللاشقا
توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار، جايلار،
بولۇپمۇ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان جايلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ،
دۆلەتنىڭ ئېتىبار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىزمەتتە بەش «-
يېڭى بۆسۈش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈ-
رۈشى كېرەك.

( 3 ) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇپ، تۈرلۈك پىلانلارنى تۈزۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر
ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش
خىزمىتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بۇ يىل يىل بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە نو-
پۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا دا-
ۋاملىق يار - يۆلەك بولۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس
مۇزاكىرە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق
«يار - يۆلەك بولۇش» خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئورۇن-
لاشتۇردى. يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تەرەققىيات - ئىس-
لاھات كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سۇ ئىشلىرى
نازارىتى، قاتناش نازارىتى، نامراتلارغا يار - يۆلەك
بولۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار، نوپۇسى بىر
قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋىلا-
يەت، ئوبلاست، ناھىيە - شەھەرلەر نۇرغۇن قېتىم
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «11 - بەش يىللىق پىلان
» مەزگىلىدىكى يار - يۆلەك بولۇش دائىرىسى ۋە
خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، يار -
يۆلەك بولۇش پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا ياخ-
شى ئاساس سالدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالا-
قىدار ئورۇنلار دۆلەتنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىل-
لەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش پىلانىغا
بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى بىر قەدەر
ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش
مەخسۇس تۈرلەر پىلانىنى تۈزۈۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايو-
نىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ كې-
يىنكى بەش يىللىق تەرەققىيات ئىستىقبالى كارتى-
نىسىنى سىزىۋاتىدۇ.

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا
يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىش-
لەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار،
نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇ-
راقلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر
بىرىنچىدىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نوپۇسى بىر
قەدەر ئاز مىللەتلەرگە داۋاملىق يار - يۆلەك بولۇش
خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈ-
زۈشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر
چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى دا-
ۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، يار - يۆلەك بولۇشنىڭ ھە-
قىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كې-
رەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەخسۇس تۈرلەر پىلانىنى
ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، تەدبىر قوللىنىپ، نوپۇسى
بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىما-
ئىي ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى پائال
ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى**

# ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابلىز ھوشۇر

(2005 ـ يىلى 18 ـ نويابىر)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنى بۈگۈن ئاخىرلاشماقچى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋاقتى قىسقا، ئۈنۈمى يۇقىرى، مەزمۇنى مول، ئاساسىي تېمىسى روشەن بولدى. يىغىن مەزگىلىدە، كۆپچىلىك مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى، مەملىكەتلىك نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى. مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللانىڭ مۇھىم سۆزى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، تونۇش ئۆستى، ئوي ـ پىكىرلەر ئېنىق بولدى، روھ ئۇرغۇتىلدى. يىغىن مول مەزمۇنلۇق، ئۈنۈملۈك بولدى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى.

تۆۋەندە مەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى قانداق قىلغاندا ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە بىر نەچچە پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

**1. تونۇشنى توغرىلاپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ روھى ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەش لازىم.**

تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. ئاممىنىڭ تۆپ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە دەل تونۇش مەسىلىسىدۇر. رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئارقىدا. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات خىزمىتى تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرگە، تېخىمۇ زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. نۆۋەتتە پارتىيە ۋە دۆلەت نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم تەرەققىيات پۇرسىتى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا بىرمۇ قېرىنداش مىللەتنىڭ قاتاردىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز، بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز. بىز كوممۇنىستلار مەردانىلىق بىلەن بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

بىز ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئومۇمىي يۈكسەكلىكىدە، ھەر مىللەت ئاممىسى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە گۈللەپ تەرەققىي قىلىش تارىخىي يۈك-

سەكلىكىدە تۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى تېزلىتىش روھىي ماھىيىتىنى تونۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، ئىدىيىۋى تونۇشنى مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**2 . نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز ، دەل ۋاقتىدا ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك .**

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى قەدەممۇ قەدەم كىچىكلىتىپ، رايونلارنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

بىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تېزلىتىش جەھەتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ قىياپىتىدە تېزلىكتە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ مېۋىلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە نەپ بېرىشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش نىشانىنى بېكىتتى، بىرىنچى قەدەم، بەش يىلدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش ھاسىل قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش، ھازىرقى نامراتلارنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۆز جايىدا ئوتتۇراھال ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىشىگە ياردەم بېرىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، يەنە بىر مەزگىللىك تىرىشچانلىق ئارقىلىق، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە يەركۈزۈش. كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى، قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون ، خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى ئاساسىي قۇرۇلمىسى، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئاساسلىقى: بورداقچىلىق، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، 3 ـ كەسىپ، خاس ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش. پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، كادىرلار ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلاردا جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆز پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم، بۇ پىلانلارنى دەل ۋاقتىدا تاماملىشىمىز لازىم.

نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر ئاممىسى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىنىدۇ. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەر نۇقتا قىلىنىپ، كەنتمۇ كەنت پىلانلاپ ياردەم بېرىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. شۇنداقلا تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىش فاڭجېنىغا ئاساسەن، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تەرەققىيات يولىدا مېڭىش، شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ئايرىم كەنتلەر ئالدىن بېيىپ

ھاللىق سەۋىيىسىگە يېتىشىنىڭ ئۆلچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**3 . نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسلىق ھالقىلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشىمىز، تۇتۇشىمىز كېرەك.**

دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى جەھەتتىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى ۋە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نۇقتىلىق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي ھالقا ئارقىلىق باشقا ھالقىلارنى يېتەكلەپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. جايلار، تارماقلار بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى تېزلىكتە يەتكۈزۈپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك 10 ـ ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، يېقىنقى خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە سىڭدۈرۈشى زىم.

ئىككىنچى، تەشۋىقات تەربىيە ھالقىسىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. جەمئىيەتتە، ئامما ئارىسىدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەشۋىق قىلىش، كادىرلارغا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، توغرا سىياسىي كۆز قاراش بىلەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە ئاتلىنىش، ساپ نىيەت ۋە سەمىمىيلىك بىلەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا تەشۋىقىي تەربىيە بېرىش لازىم. خەلق ئاممىسىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، دۆلەتنىڭ ياردىمى، جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، تەشۋىقىي تەربىيىدە سالماقنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر بولۇپمۇ ئۆزبېك، تاتار، روس قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، ھۆكۈمەت يولغا قويغان يار ـ يۆلەك بولۇش تۈرلىرىدە سەن ـ پەن دەپ ئايرىماستىن، ھەممە مىللەتنى تەڭ بەھرىمان قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مەسئۇلىيەت ھالقىسىنى ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەت «دۆلەت يار ـ يۆلەك بولۇش، ئۆلكە ئومۇمىي مەسئۇل بولۇش، ناھىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، پۈتۈن كەنت بويىچە بىردەك ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى پىلانلاپ بېكىتتى. جايلار ۋە تارماقلار بۇ فاڭجېنغا ئاساسەن، خىزمەت مېخانىزمى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشنى تۇرغۇزۇپ، تۈر ۋە دەرىجىگە ئايرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەسئۇل خادىملارنى بېكىتىپ، ھەرقايسى كەسپىي باشقارما ـ ئىشخانىلار ۋە ئالاقىلاشقۇچىلار ئالاقىلىشىش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەر يەرلىكتىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇناسىپ مېخانىزم قۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئېنىق تەقسىملەپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى پىلان

لايىھەسىنى بېكىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە باشلامچى بولۇپ تەشكىللەپ، تۈرلەرنى يولغا قويۇشقا ھەمدە ئىستاتىستىكا خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قەرەلىدە ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە (شەھەر) باشلىقلىرى 1 ـ مەسئۇل كىشى، ئۇلار جەزمەن سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ كەنت، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا چوقۇم مەسئۇل بولۇشى لازىم.

تۆتىنچى، پىلان تۈزۈش ھالقىلىرىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلەت دەرىجىلىك پىلان روياپقا چىقىپ بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەخسۇس تۈر قۇرۇلۇش پىلانلىرىمۇ يوللىنىپ تەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دۆلەتنىڭ پىلانى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، پىلان ۋە يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا ياكى پىلان ئىچىگە قويۇشى لازىم. جايلارمۇ دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يار ـ يۆلەك بولۇش سىياسەتلىرىنى بېكىتىشكە دائىر ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن، لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانىدا نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە قانداق يار ـ يۆلەك بولۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

بەشىنچى، تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. «10 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە دۆلەتلىك تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار مەخسۇس مەبلەغ تەسىس قىلىپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونمۇ دۆلەتنىڭ پىلانىغا ماسلىشىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مايىللىشىپ، يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش پىلانى تۈرلىرى نۇرغۇن تارماقلار ۋە ھالقىلارغا چېتىلىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى تارماقلار ئوبدان ھەمكارلىشىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ مەزمۇنى ۋە نىشانىنى دەۋر قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پىلان لايىھەسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، تۈرلەرنىڭ ئۈنۈم كۆرسىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئالتىنچى، تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشتا، جەمئىيەت، ئىقتىساد، ئېكولوگىيە قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىكى ئۈنۈمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پىلاننىڭ يۈرگۈزۈلۈش ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى، تۈرلەرنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تۈرلەرنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش خىزمەت ئەھۋالىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

**4 . بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش جەھەتتىكى ھەرقايسى خىزمەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى.**

رايونىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ گەرچە نوپۇسى ئاز بولسىمۇ، ئەمما تارقىلىشى كەڭ، قىيىنچىلىق زور، كۆپچىلىكنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىجتىمائىي تەشكىلات، پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، كەسىپلەر بويىچە ياردەم قىلىشنى ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاش، قاتنىشىشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى

ئابلىز ھوشۇر

(2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. بايا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش ليۇ جېنچياڭ بىر يىلدىن بۇيان ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ھەم خۇلاسىلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە قارىتا بىر نەچچە مۇھىم قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى، مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، بۇ قاراشلار ھەم ئەمەلىيەت ئاساسىغا ھەم نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ بىرى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرلەرنى رەتلەش، خۇلاسىلاش، دوكلات قىلىش ۋە «پىلان» تۈزۈش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، ئادەم ئاز، ئۈسكۈنىلەر كەمچىل، خىراجەت يېتەرسىز بولۇشتەك نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 278 تۈر قېلىپلاشتۇرۇلدى، يوقىلىپ كەتكەن ۋە يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان تۈرلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى. مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار مۇشۇ قېتىملىق ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى مول نەتىجىلىك بولدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە تۇرمۇشىنى بېيىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا، «پەن - مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش»، «ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» نەتىجىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى

ئورغۇن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بىز چوقۇم پائال ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. تۆۋەندە بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇزۇندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىدە ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن پەرمان ئېلان قىلىپ، «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»نى رەسمىي ئېلان قىلدى. «بىر قانچە بەلگىلىمە» نىڭ 18 ـ ماددىسىدا: دۆلەت ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى مىللىي ئاپتونوم جايلارغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە تەشكىللەيدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئەمگەك كۈچۈملەشكەن كەسىپ ۋە بايلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ يۆتكىلىشى، تېخنىك ئۆتۈنۈش، ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش ـ تەربىيىلەش، مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ئەشيا ياردىمى بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 25 ـ ماددىسىدا: يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قوللايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرىنى قوللايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يېڭى بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي ئاساسى. جايلار، تارماقلار بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، خىزمەتلەردىكى قاراتمىلىق ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. مىللەتلەر تەنتەربىيىسى چوڭ سەھنىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىناق ئۆتۈش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشتە كۆنىبىرى ئاكتىپ رول ئويناۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار مىللەتلەر تەنتەربىيىسى چېنىقىش مەزمۇنى قىلىنغان تۈرلۈك ئاممىۋىي تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھەرقايسى جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا دۈچ كەلگەن مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ ھەل قىلىشى لازىم. گوۋۇيۈەننىڭ «بىر قانچە بەلگىلىمە»سىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىگە بولغان مۇقىم سېلىنما مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىـ

شى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئاساسنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك**

گەرچە بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك بىر قەدەم، كېيىنكى ۋەزىپىلەر يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل. شۇڭا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلاشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بىز ئىگىلىگەن ئۇ ماتېرىياللارنى دەلىلى ۋە تەكلىپى بولغان تەدبىر بەلگىلەش ئاساسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە دەسلەپتىكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. مەسىلەن، مەنزىرىلىك رايونلاردا ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە ئويۇنى كۆرسىتىش، مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «بازار»لاردىكى ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش، چېلىشىش تۈرلىرى، شىمالىي شىنجاڭ يايلاقلىرىدىكى ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش تۈرلىرى ۋاھاكازالار. بۇ ئىشلار شۇ يەرنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلدى.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەھەللە تەنتەربىيىسى، مەكتەپ تەنتەربىيىسى ۋە يېزا تەنتەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، ئەنئەنىۋىي بايرام ۋە دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللەش كېرەك. پائالىيەتنى تايانچ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىگە قىزغىن قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. پىلانلىق، سالماقلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى مەكتەپلەرگە ئەكىرىش خىزمىتىنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇش لازىم. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىشىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسى تايانچ قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە چوقۇم قوللىنىشقا تېگىشلىك زۆرۈر تەدبىر.

ئۈچىنچىدىن، مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ تېزلىتىش، تېرنېر ۋە رېپېرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە تەنتەربىيە ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ساغلام، ئىستىلى ياخشى، ساپاسى يۇقىرى بولغان ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ شارائىت يارىتىپ بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مىدالغا ئېرىشكەن تەنھەرىكەتچىلەرنى چېكىنگەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسىنى تەدرىجىي تۈرغۈزۇش كېرەك. «تەنتەربىيە قانۇنى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىگە دائىر مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىنى قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش ئىزىغا سېلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش بازىرىنى بەرپا قىلىپ، تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك كۆچۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنى تولۇق قېزىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئارقا سەپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. جايلاردىكى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئارقا سەپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىشنى پائال

ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپ ئىچىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ ئىچىش ئۈنۈمىنى كېڭەيتىش كېرەك. ھازىر بار بولغان تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ۋە تەنتەربىيە ئۇل مۇئەسسەسەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللىللەتلەر تەنتەربىيىسى مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىكى نەتىجە ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچى، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش كېرەك**

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى دۆلەتتىن تارتىپ تاكى يەرلىككە قەدەر مىللەتلەر خىزمىتىگە كىرگۈزۈلدى. ئەمما ئۇ يەنىلا تەنتەربىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ماسلىشىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ئۈزۈندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدىكى نەتىجىلەرنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى مىللەتلەرنىڭ ئەل ئىچى مەدەنىيىتىنى قوغداش قۇرۇلۇشى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشتىكى دەسلەپكى تەجرىبىلەرنى توپلاپ، باشقا تارماقلار بىلەن بولغان ياخشى ھەمكارلىقنى شەكىللەندۈردى. بۇ ياخشى ئەنئەنە ۋە ياخشى ئىستىللارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش لازىم. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزىدىغان باشلامچى ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى بىلەن بولغان خىزمەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشى لازىم. تەنتەربىيە ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەمكارلىشىش ھەمراھى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئىلگىرىكىدەكلا زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بۇ يىل ئېچىلغان مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 4 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: مىللەتلەر مەسىلىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چوقۇم باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلە، مىللەتلەر خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتى ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى تەرەققىياتى ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تونۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىناق ئۆتۈش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يولداشلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق بۇرچىمىز ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. ھەممىمىز «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش» تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرىۋاتىدۇ

ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجىم

2005 - يىلىنى ئەسلەپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ يىل ھەممىمىز ئۈچۈن ئامەت يىلى، بەرىكەت يىلى، غەلىبە قۇچقان شانلىق يىل بولدى. ئالايلۇق 2005 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولغان يىل بولدى، 2005 - يىلى ئېلىمىزنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ئورۇندالغان يىل بولدى، 2005 - يىلى جەمئىيەت مۇقىم بولغان، قاتناش ۋە ئالاقە ئىشلىرى راۋاج بولغان يىل بولدى. 2005 - يىلى ئېلىمىزدە بارلىق ساھەلەردە ئۇتۇق قازىنىلغانغا ئوخشاش، دىنىي ساھەدىمۇ زور ئۇتۇقلار قازىنىلغان، دىنىي ساھەگىمۇ زور ئەھمىيەت بېرىلگەن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلىنغان، ئومۇمەن ھەممە ساھەدىن خۇش خەۋەر ئاڭلانغان، ھەممە ئادەم خۇشال بولغان، ھەممە دىل سۆيۈنگەن، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىنغان يىل بولدى.

مەن بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن 2005 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

2005 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىدىيە ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى دىن خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ، تۇرمۇش جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىمىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دەپ قاراپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى قوللىغان؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قېلىپلىشىش، قانۇنلىشىش ئىزىغا چۈشۈپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئاساسىدىكى ياخشى ۋەزىيىتى مۇستەھكەملىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەر يارىتىلغان بىر يىل بولدى.

پارتىيىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھۆكۈمىتىمىز ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بولغان ئىشلارنى، بولۇپمۇ دىن ئىشلىرى جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، 2004 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «دىن ئىشلىرى نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ «نىزام» 2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ ئېلىمىز دىنىي ساھەسىدىكى خۇشاللىنارلىق چوڭ بىر ئىش ۋە دىن ئىشلىرىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ نىزامدا يەنە دىن مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش بىلەن؛ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت، سىياسىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغ-

داش، دۆلەتنىڭ بىختەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن: ئېلىمىزنىڭ چەتئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ بىزنى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، مۇستەقىل ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق، دىن ئىشلىرىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، بارلىق ئېتىقادچى ئامما ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا چاقىرىق قىلىدۇ.

«نىزام» نىڭ ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلۇشى دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ يىل، بىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مۇشۇ نىزامنى ئۆگىنىپ كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا نىزامنىڭ روھىنى كەڭ تەشۋىق قىلدۇق. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز دىن ئىشلىرىغا، دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەچكە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغاچقا، دىنلار بىلەن دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى.

كومپارتىيە ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمىتىمىز بىز دىنىي زاتلارغا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئەنە شۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان شارائىتتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

1 ) ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە «دىن ئىشلىرى نىزامى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىغا پائال ھەمكارلىشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ۋە ئىناق بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى ھەم ۋەزىپىسىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇشىمىز لازىم.

2 ) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئۇلۇغ بايرىقىنى باشتىن - ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يېڭى ۋەزىيەتتە يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

3 ) بىز ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، بىز دىنىي زاتلار 2005 - يىلى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، كومپارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلاشساق، 2006 - يىلىمۇ ناھايىتى زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئاخىرىدا ھەممىڭلارنىڭ تېنىڭلارنىڭ سالامەت، ئائىلەڭلارنىڭ ئىناق، خىزمىتىڭلارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى)

**تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت**

# «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ يېڭى يەكۈننى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا چۈشىنىش كېرەك

ئابلىز نۇر

«ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش» دىنىي زاتلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىجابىي رولىنى، كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى كۈچەيتىپ ۋە كېڭەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىمىز دىن خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا بوشاشماي ئىزدەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركىزىي كومىتېتنىڭ زور سىياسەت تەدبىرلىرىنى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈزۈم، قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، دىن خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى. يولداش ۋاڭ لېچۈەن 2003 - يىلى 11 - ئايدىكى خۇيزۇ دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا تۇنجى قېتىم «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش»تىن ئىبارەت يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2004 - يىلى 7 - ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى قايتا تەكىتلىدى. يولداش خۇ جىيابەن بۇ يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايون چاقىرغان «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يىغىنىدا: «جايلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ مۇھىم سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارباشقا ئادەم ئەمەس بەلكى ئۆز ئادىمىمىز؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش؛ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ بۇ سۆزى مۇنداق ئۈچ قاتلام مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىرىنچى قاتلام مەنىسى: ۋەتەن-

پەرۋەر دىنىي زاتلار باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۆز ئادىمىمىز. بىز ئۇلارنى «يات كۈچ» دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىنى توغرا تونۇش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بۇ نۇقتا «پارتىيىسىز كادىر» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئاساسى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئالدى بىلەن ئۆز ئادىمىمىز بولغاندىلا، ئاندىن «ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر» بولالايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي زاتلار قوشۇنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ يىللىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىدىن ئۆتكەن. بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ. پارتىيىگە غەيرىي نىيەت، غەيرىي مەقسەتتە بولغانلار ئىنتايىن ئاز سانلىق، ھەمدە بۇ خىل ئادەملەر بايقالغان ھامان تازىلىنىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. دىنىي زاتلار قوشۇنىدا بىر قىسىم ئىپادىسى ناچارراق كىشىلەرمۇ بار، بەزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە سىياسىي قارىشىدا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلار بار. بەزىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشتا ئاڭلىق ئەمەس. بىراق بۇ ئادەملەر يەنىلا بىزنىڭ تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش ۋە ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتىمىز بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىگە تەۋە. بىرلىك سەپ خىزمىتى چوڭ ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىشىش، زور بىرلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. بۇ ئادەملەرنى ئەگەر بىز بىرلىك سەپ خىزمىتى ئارقىلىق تەنقىدىي تەربىيىلىمىسەك، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشمىساق، ئۇلارغا ياردەم بەرمىسەك، ئۇلارنى خەلق تەرەپكە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا «تارتىپ» كەلمىسەك ئۇلارنى دۈشمەن تەرەپكە ئىتتىرىپ قويغان بولىمىز. ھەم ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمىز. شۇڭا يولداش ۋاڭ لېچۈەن دىنىي زاتلار باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۆز ئادىمىمىز دېگەن. بۇ «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ كۆز قاراشنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئىككىنچى قاتلام مەنىسى، «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش» دېگەن بۇ سۆز ئىككى ئۆزئارا باغلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان مۇھىم مەزمۇن دېيىشكە بولىدۇ. يەنى «ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىش» ۋە «ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر». بۇنىڭدا، تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالغاندىلا ئاندىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىغان ئىكەن چوقۇم ئالاھىدە تارىخىي بۇرچتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى باش تارتماستىن ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دىنىي زاتلارنىڭ «ئالاھىدە بۇرچى» دېگىنىمىز، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش دېگەنلىك. بۇ بۇرچنى ئەستايىدىل ئادا قىلغاندىلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ دىنىي زاتقا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەگەر بۇ ئالاھىدە تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلالماي قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا، ئەلۋەتتە ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنمايدۇ. ھازىر كۆپلىگەن كادىرلار ۋە دىنىي زاتلار بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمەي ھەمىشە «ئاساسىي

قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر » دېگەننىلا تۇتۇۋېلىپ، «ئالاھىدە تارىخىي بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىش » دېگەننى تەكىتلىمەيۋاتىدۇ. بۇ تونۇش جەھەتتە ئاسانلا خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سىياسەتنىڭ توغرا ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى قاتلام مەنىسى، «ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم » . دىنىي زاتلارغا ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغانلىق، ئۇلارغا مەسچىدنىڭ دىن ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ، مەسچىدنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇلار چوقۇم قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم. ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئالاھىدە تارىخىي بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ بۇ يەكۈنىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ سىياسەتتىن كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىا ۋە كادىرلار ھەقىقەتەن رازى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي زاتلارغا ئىزچىل سىياسىي جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ، تۇرمۇش جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ كەلدى، بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى سىياسىي جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرگە قويدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورغۇنلىغان دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتىن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، 55 نەپەر دىنىي زات ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى؛ يەتتە نەپەر دىنىي زات ئوبلاست (شەھەر) لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى؛ بىر نەپەر دىنىي زات ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. (ھارۇنخان ھاجى قازا قىلغان بولسىمۇ ئورنى بار) .

دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا پارتىيىمىزنىڭ ئاممىۋى ئاساسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ. شىنجاڭنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللەت، دىن خىزمىتى. دىن خىزمىتى ئاممىۋىي خىزمەت بولۇپلا قالماستىن يەنە ئالاھىدە ئاممىۋىي خىزمەت. شىنجاڭنىڭ دىن مەسىلىسى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەتلەر مەسىلىسى ھەمدە خەلقئارا كۈرەشلەر بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىي خادىملار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىرگە ئىگە. شۇڭا دىنىي خادىملارغا قارىتىلغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، دىنىي زاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چوقۇم كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك، ئۈزۈلدۈرمەي تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى)

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى

**ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى ئاچتى .** 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمەت يىغىنى ئاچتى . ئاپتونوم رايونىمىز 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ بەش يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىپ 350 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئىشلىتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز تۆت مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىدىغىنى 150 مىليون يۈەن ، ئاپتونوم رايونىمىز سەپلەپ بېرىدىغىنى 200 مىليون يۈەن. بۇ «11 ـ بەش يىللىق پىلان » مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى ئۈستىدىكى تەدبىرى .

(ئىقتىساد باشقارمىسى )

**ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتىنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»غا كىرگۈزۈش ئىلتىماسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى .** 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ب د ت مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى پارىژ باش شتابىدا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ مۇزىكا بىر گەۋدىلەشكەن «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى » ئېلىمىزدىكى 3 ـ تۈركۈم «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى »غا كىرگۈزۈلگەن نادىر ئەسەرگە ئايلاندى . ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتىنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى »غا كىرەلىشى شىنجاڭنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرىشى نۆل بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى . بۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى 10 يىل ئىچىدە 30 مىليون مەبلەغ سېلىپ ، ئۇيغۇر 12 مۇقام سەنئىتى ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ، تېخىمۇ ئىنچىكە توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى .

(مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى )

**پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېنچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ياش ، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىكى كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەم ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى .** 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجۈڭ ، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇۋ يىڭبىننىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپىدە ، ئاپتونوم رايوندىكى ياش ، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تايانچلىرىنى تەربىيىلەش 3 ـ قارار سىنىپىدىكى بارلىق كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

(ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئىشخانىسى )

**رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرى ئاخىرلاشتى .** 2005 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى . بۇ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ قارار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى باشلانغان يىل . بىر يىلدىن بۇيان، رايونىمىزدا 10 قارار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. بىر قارار ئىسلام دىنى ياش ، ئوتتۇرا ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا قاتناشقانلار 2050 ئادەم بولۇپ ، ئالدىن بېكىتكەن تەربىيىلەش پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى . ئاپتونوم رايونىمىز يەنە تالىپلار ، ئىماملار بولۇپ 8000 كىشىنى تەربىيىلەيدۇ ، ھەرقايسى جايلار قالغان 20 مىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەيدۇ، ھەر تۆت يىل بىر تەربىيىلەش نۆۋىتى بولۇپ،

ئۈزۈن مەزگىل ئۆزگەرمەيدۇ.

(مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

**جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى كاتىبات گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا 3 - قىسىم «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر»گە قارىتا پىكىر ئالدى.** 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما يۇنفۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چېڭجېن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى كاتىبات گۇرۇپپىسى رايونىمىزغا كېلىپ قەشقەر، ئۈرۈمچىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا دىنىي زاتلار، بىرلىكسەپ ۋە ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى كادىرلىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، 3 - قىسىم «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر» توغرىسىدا كەڭ پىكىر - تەلەپلەرنى ئالدى.

(لىيۇ نيەن)

**چەتئەلنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار ئۆمىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى.** يېقىندا، چەتئەلنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار ئۆمىكى (ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، قازاقىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەتتىكى 15 ئاخبارات ئورنى) دىكى 17 كىشى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاخبارات مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئەزىز دۆلەت، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېقىپ داموللا قاتارلىقلار مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە بىر - بىر ئېنىق جاۋاب بەردى.

(ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى)

**شەندۇڭ ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى كېرىيە ناھىيىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە تېلېۋىزور ئىئانە قىلدى.** شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا قېرىنداش ئۆلكە، رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا شەندۇڭ ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى كېرىيە ناھىيىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە 709 دانە 21 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 475 دانىنى شەندۇڭ ئۆلكىسى، 234 دانىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىئانە قىلدى.

(خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى.** يېقىندا شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەردىكى مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان خاتىرە كومپيۇتېرى سەپلەپ بەردى. بۇ ئاساسلىقى مالىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

(ئىقتىساد باشقارمىسى)

**خەلقئارا تۇنجى ئۇيغۇر دورىگەرلىك تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلدى.** 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن فرانسىيە بورد ئىككىنچى ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە قۇرغان «جۇڭگو - فرانسىيە ئۇيغۇر دورىگەرلىك تەتقىقات مەركىزى» رەسمىي يۈرۈش ئاچتى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى خەلقئارالىق ئۇيغۇر دورىگەرلىك تەتقىقات مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

(مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

**«تۈركىي تىللار دىۋانى» چوڭ لۇغىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.** 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىلار خانلىقىدىكى مەشھۇر ئۆلىما. تەخمىنەن مىلادىيە 1005 - يىلى بۈگۈنكى قەشقەردە تۇغۇلغان. مىلادىيە 1077 - يىلى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا پارلىغان ئەڭ مەشھۇر ئەسەر (ئالەمشۇمۇل ئەسەر) —— «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ قالدۇرغان. ئاپ-

تونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇتلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

(مىللىي، دىنىي سىياسەت تەتقىقات ئورنى)

**ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ «11 ـ بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ «11 ـ بەش يىللىق پىلان» نى يېزىپ چىقتى. بەش يىل ئىچىدە قەدىمكى ئەسەردىن 10 توپلامنى رەتلەپ، تۈزۈپ چىقىشنى پىلانلىدى.

(ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**قازاق مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىس ھەيكەل ئالتاي شەھىرىگە يېڭى تۈس كىرگۈزدى.** يېقىندا، ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق قازاق مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى تېما قىلغان مىس ھەيكەللەر ئالتاي شەھىرىدە ئورنىتىلدى. قازاق مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى باش تېما قىلىنغان مىس ھەيكەللەر قازاق مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە شەھەر قىياپىتىگە يېڭى تۈس كىرگۈزدى ھەم ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ مىس ھەيكەللەرنى ئالتاي شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لياڭ ۋېيخۇڭ ياسىغان بولۇپ، ئۇ ساپ مىستىن قۇيۇلۇپ ياسالغان.

(ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن جەن چاڭلى)

**سانجى شەھىرى ئاز سانلىق مىللەت، ياشانغانلار ساناتورىيىسىنى قۇردى.** پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياشانغان ئىگە ـ چاقىسىز قالغانلارغا كۆيۈنىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يىل بېشىدا سانجى شەھىرى پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېر ليۇگۇڭ بازىرىدىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىنى ئاز سانلىق مىللەت ياشانغانلار ساناتورىيىسى قىلىپ ئېنىق بېكىتتى.

(سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**فۇكاڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دىنىي زاتلارغا يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئالاھىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.** 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە سانجى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى گۇ چىڭخۇا، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا راخمان سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك زاتلارنى باشلاپ، تۆت يېزا (بازار) بىلەن بىر ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە دىنىي زاتلارنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

(فۇكاڭ شەھىرىدىن ما چىڭرۇڭ)

**مارالبېشى ناھىيىسى ساپا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى.** يېقىنقى يىللاردىن بېرى مارالبېشى ناھىيىسى ساپا مائارىپىنى تېزلىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، مىللىي ـ خەنزۇ بىرلەشمە مەكتەپنى قۇرۇپ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈپ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ يىلدىن باشلاپ، مەزكۇر ناھىيە خەنزۇ ـ مىللىي بىرلەشمە مەكتەپ قۇرۇش بىلەن قوش تىل تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى يولغا قويۇشنى سىناق قىلدى. ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى سىناق نۇقتىلىرى ئاساسىدا، بۇ يىل 1 ـ يىللىقتىن باشلاپ، خەنزۇچە ئاساسى ياخشى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر سىنىپقا كىرگۈزۈپ، پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويىدى، ھەمدە خەنزۇچە ئاساسى ئاجىزراق مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە ئۆگىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، قوش تىل ئوقۇتۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە، مەزكۇر ناھىيىدە مىللىي ـ خەنزۇ بىرلەشمە مەكتەپتىن ئىككىسى، خەنزۇچە تەجرىبە مەكتەپتىن بىرسى، قوش تىل تەجرىبە سىنىپىدىن 16 سى بار، قوش تىلدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى 520 گە يەتتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى

تەھرىرلىگۈچى: **قۇربان مۇھەممەت**

# شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

(2005 - يىلى 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە)

## 9 - ئاي

1 - كۈنى، بايىنغولىن خەلق رادىئو ئىستانسىسى دۆلەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۆز رايونىدا موڭغۇل تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشى بېرىشنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىدا موڭغۇل تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

6 - كۈنى، كۈچا كۈسەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، چەتئەلگە ئويۇن قويۇشقا چىقىپ، 21 كۈندە 20 نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول مېڭىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋېنگىرىيە ۋە بۇلغارىيە قاتارلىق ئىككى دۆلەتتە خەلقئارا ئەلنەغمە بايرىمىغا قاتناشتى، 35 دۆلەت ۋە رايون بىلەن تەڭ سەھنە ماھارىتى كۆرسىتىپ ھەم ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى.

8 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئالىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گۈلنىسا ئىلياس 6 - نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 10 مۇنەۋۋەر ياش ، ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، شەرەپ بىلەن «مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 10 مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياش ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپ نامىغا ئېرىشتى.

10 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىلىم - پەن ، مائارىپ مەركىزى مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىم «تارىختا ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن قەبىلە — تۇۋالارنىڭ سىرى» نى قاناستا سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىدى. بۇ مەخسۇس ھۆججەتلىك فىلىمگە 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ ، قويۇلۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 52 مىنۇت، ئىككى بۆلۈم تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدىكەن.

12 - كۈنى، ئاپتونوم رايون قەشقەردە قەشقەر ، قىزىلسۇ ۋە ئاقسۇغا 10 مىڭ دانە تېلېۋىزور سوۋغا قىلدى.

12 - كۈندىن 13 - كۈنىگىچە ، ئاپتونوم رايون ئىلىقا ناھىيىسىدە «ئىككى ئاساس» ھەم يېزىدا ياتاقلاشقان مەكتەپ قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنىنى ئاچتى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ، دۆلەتلىك «ئىككى ئاساس» خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن شياۋيا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ يى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، 28 ناھىيە (شەھەر) دىن 200 نەچچە ۋەكىلمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

19 - كۈنى ، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن فرانسىيە بوئېردو 2 - ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمكارلىقىدا قۇرۇلغان «جۇڭگو - فرانسىيە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىگەرلىكى تەتقىقات مەركىزى» نىڭ يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ تۇنجى خەلقئارالىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك تەتقىقات مەركىزىدۇر.

20 - كۈنى، مەكىت ناھىيىسى دىنىي ساھە بويىچە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش نەق مەيدان يىغىنى ھەمدە «قوش بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى، 20 نەپەر «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتقا 100 يۈەنلىكتىن تاساددىپىي خېيىم - خەتەر ئىستراخۇانىيەكارتىسى يەتكۈزۈپ بەردى.

21 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە مەركەزنىڭ سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، جەنۇبى، شىمالى شىنجاڭدا ئويۇن قويدى. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ، ئالتاي ۋىلايىتى ، خوتەن ۋىلايىتى ، قەشقەر ۋىلايىتى ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، شىخەنزە، سانجى، تۇرپان ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا 13 مەيدان ئويۇن قويدى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، نەق مەيداندا ئويۇن كۆرۈشكە نائىل بولغان ئامما 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان.

22 - كۈنى ، شىنجاڭ ئارمان سودا چەكلىك

شىركىتى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدا ئارمان باشلانغۇچ مەكتەپى قۇردى ھەمدە شۇ كۈنى قۇرۇلىدىغان مەكتەپنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا مۇنداق دېدى: بىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىمىز ، قۇرۇلىدىغان بۇ مەكتەپنى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ مۇكەممەل ، مائارىپ سۈپىتى يۇقىرى مەكتەپلەرنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

23 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن رايونىمىزغا يېتىپ كەلدى.

23 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن باشچىلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

24 ـ كۈنى، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى بىرىنچى شۆبە ئۆمىكىنى باشلاپ غۇلجىغا يېتىپ بېرىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى؛ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىككىنچى شۆبىسىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ چىڭلىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە ھال سوراشقا يۈرۈپ كەتتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد ئۆمەك باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى جىنەي مۇئاۋىن ئۆمەك باشچىلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۈچىنچى شۆبىسى دېھقانچىلىق 8 ـ دىۋىزىيە ، شىخەنزىگە بېرىپ ئۇ جايدىكى ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىدىن ھال سورىدى.

24 ـ كۈنى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي تەتقىقات ئىشخانىسى ھەمدە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم مىللەت ۋە مىللەت نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەر ، ئالىملار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەمدە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇنداقلا مەركەزنىڭ بۇ نۆۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەندى ھەمدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

27 ـ كۈنى ، دۆلەت چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە سوۋغا قىلغان يەنە بىر تۈركۈم يېزا باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھازىرقى زامان يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسى مەزكۇر ناھىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى . بۇ ئۆتكەن يىلى دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە تەرەققىيات، ئىسلاھات كومىتېتى بىرلىشىپ سوۋغا قىلغان 40 ئېلېكترونلۇق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن كېيىنكى ئىككىنچى تۈركۈملۈك ياردەم ئۈسكۈنىلىرىدۇر.

27 ـ كۈنى ، ئاۋات ناھىيىلىك دولان خەلق سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر بېيجىڭدىن تەيۋەنگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلارنى تەيۋەن دۇڭخۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئۇلار 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئويۇن قويىدى.

28 ـ كۈنى ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجوڭ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ يىڭۋۇنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپىگە بېرىپ، ئۇ جايدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار 3 ـ قارارلىق كۇرسانتلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

29 ـ كۈنى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياش ، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار 3 ـ قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

29 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىگە خىزمەت دوكلاتى بەردى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن مۇھىم سۆز قىلدى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇي لياڭيۇ، ئىسمائىل ئەھمەد، ليۇ يەندۇڭ، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جىنەي ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىمۇ دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

29 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ يەندۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە بېرىپ، بارلىق كادىرلارنى يوقلىدى ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق بىرلىكسەپ كادىرلىرىدىن شۇنداقلا بىرلىكسەپ ئەزالىرىدىن بايراملىق ھال سورىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ ۋېيچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈجۈڭ خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى.

30 ـ كۈنى، شىنجاڭ خەلق سارىيىنىڭ ئۇدۇل ئىشىكى ئالدىدا مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بىلەن بىرلىكتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا سوۋغا قىلغان داڭقاننىڭ يوپۇقىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ ئۆز قولى بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى داڭقىنى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن خۇي لياڭيۇ، ئىسمائىل ئەھمەد، ليۇ يەندۇڭ، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جىنەي ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى داڭقان ھەدىيە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا يەنە ، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى ئاي ئاخىرىدا 2006 ـ يىللىق «ئاز سانلىق مىللەتلەر يۇقىرى قاتلام تايانچ ئىختىساس ئىگىلىرى» دىن ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى چۈشۈردى . بۇ پىلاندا ، ئاپتونوم رايون ئۈچۈن 222 ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانى بېرىلگەن. ئۇنىڭغا ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار جەزمەن ئومۇمىي خەلق مائارىپى تەرتىپى بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىكى تولۇق كۇرس ياكى ماگىستىرلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خىزمەتتىكى ياكى خىزمەتسىز خادىملىرى بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 10% ئۇزۇن مۇددەت مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ قوبۇل قىلىنىدىكەن.

## 10 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش كادىرلار چوڭ يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرى خۇي لياڭيۇ ، ئىسمائىل ئەھمەد ، ليۇ يەندۇڭ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ، لى جىنەي، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لى دېجۇ ، جاڭ يۈڭلارنى باشلاپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەسقەت كېرىمباي، ئابدۇرېھىم ھامۇت، چېيۇ يەنخەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ

بارلىق ئەزالىرىمۇ تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. لوگەن مۇھىم سۆز قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەنمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

1 ـ كۈنى، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن بۇگۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن كۆرۈشۈش، قوبۇل قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرىدىن خۇي لياڭيۈ، ئىسمائىل ئەھمەد، ليۇ يەندۇڭ، ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى جىنەي، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابدۇرېھىم هامۇت، خۇ جيايەنلەر كۆرۈشۈشكە، قوبۇل قىلىشقا ھەمراھ بولدى ھەمدە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

4 ـ كۈنى، مەھمۇد قەشقىرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇتلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋە ئىچكى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن 150 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىملار بۇ ئۈچ كۈنلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى سۇ ئۈستى باغچىسىدا دۇنيا جىنىس دۇنيا رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ئارتىسى ئابلەت مەجۇن 1 ـ سېنتەبىردىن بۇگۈنگىچە ئۈچۈشلۇق هالدا يەتتە تۈر بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتتى. بۇنىڭغا قارىتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى، جۇڭگو سېرىك ئارتىسلىرى جەمئىيىتى تەبرىك تېلېگراممىسى ئېۋەتىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە ئاكتىپ باها بەردى.

9 ـــ14 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ پۇتكۇل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەرەققىيات مەبلىغى تۈرلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى سانجىدا ئېچىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 115 نەپەر كادىر بۇ تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشتى.

10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق ئىلغار ئورۇنلار ۋە سەكەن هورمان قاتارلىق مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. بۇ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە جەمئىي 278 ئاز سانلىق مىللەت ئەنئەنىۋي تەنتەربىيە تۈرى يىغىپ رەتلەندى. ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى مىللىي تەنتەربىيە ھۆججەتلىك ماتېرىياللىرى 36 پارچە بولۇپ، يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست پىلانىغا كىرگۈزگەن قۇرۇلۇش تۈر بازىسى 25 بولدى. ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاست ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش تۈرىدىن توقۇزىنى ئىلتىماس قىلدى.

14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاسمان بوشلۇقىدا پولات ئارقان ئۈستىدە ياشاش چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا يەتتە تۈر بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتقان ئابلەت مەجۇننى قوبۇل قىلدى.

14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زەھەر مەنئى قىلىش ئەلچىسى ئەخمەت قۇربان ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن قۇرۇپ چىققان تۈنجى

ئۇيغۇر پسىخولوگىيە مۇلازىمىتى ئامبولاتورىيىسى —ياپ ئۇنىۋېرسال ئامبولاتورىيىسى بىر يىللىق جاپالىق تەييارلىق ئارقىلىق بۇگۈن ئىش باشلىدى.

17 ـ كۈنى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قازاق تىلىدا تېلېۋىزىيە نومۇرى بەرگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بۈگۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەلىلقان مامىقان، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ھەمدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىي تەرجىمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى پىچان ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىدا، مەتسېلىم مەتقاسىم ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئاخبارات «مېھرى ـ شەپقەتلىك دۇنيادىكى كۆز يېشى ۋە كۈلۈمسىرەش»، مۆمىن مۇھەممەد ئىجاد قىلغان ھېكايە «ئىت ھەققىدە پاراڭ»، بەگمەت يۇسۇپ ئىجاد قىلغان نەسىر «قۇمۇل بىلەن بولغان سۆھبەت» قاتارلىق 29 نەپەر ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا سازاۋەر بولدى.

23 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە تۆھپە ياراتقان كوللېكتىپ، ئىلغار كوللېكتىپ، تۆھپە كۆرسەتكەن شەخس، ئىلغار شەخسلەرنىڭ نامى ۋە ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىلغار كوللېكتىپ قاتارىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) بار، ئىلغار شەخس ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى.) سىياسىي قانۇن باشقارمىسىدىكى ۋە مىللىي سودا بىرلەشمە كېڭەش ئىشخانىسىدىكى ئېرزات ۋە ليۇ جياچىنلار بار.

23 ـ كۈنى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جوۋ خېپىڭ ئۆز سەپىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ تەكشۈرگەندە، قەدىمىي كىتابلارنى يىغىش، ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قايتا ـ قايتا مۇنداق دېدى: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك كۇتۇپخانىسى بولغاچقا، چوقۇم توپلاش، قوغداش ۋە قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت قەدىمىي كىتابلارنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. تارىخىي ھەمدە يەرلىك ھەر مىللەتكە دائىر تارىخىي ھۆججەتلەرنى يىغىش، ساقلاش ۋە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مانا بۇ شىنجاڭ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

23 ـ كۈنى، جۇڭگو 10 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى نەنجىڭدا ئاخىرلاشتى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى جەمئىي ئىككى ئالتۇن، ئۈچ كۈمۈش، يەتتە مىس مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قانات ئىسلام (قازاق) بوكسورلۇق تۈرىنىڭ 69 كىلوگراملىقلار ئېلىشىشىدا ئالتۇن مېدالغا؛ شۆ خەيفېڭ، جۈن جۇاڭ، سۇڭ جۇنجيا ئوقيا ئېتىش ئەرلەر كوللېكتىپىدا ئالتۇن مېدالغا؛ ئەكرەم ئىباق بوكسورلۇقنىڭ 60 كىلوگراملىقلار تۈرىدە كۈمۈش مېدالغا؛ پەرىدە قاتارلىق تۆت كىشى ئات ماھارىتىنى كۆرسىتىش كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا؛ جاۋ ۋېيخۇا، فو چىنچىن، شى خۇيجۈنلەر ئاياللارنىڭ ئوقيا ئېتىشىشىدا كۈمۈش مېدالغا؛ نۇرمۇھەممەت تۇراق ئاتلىتىكا تۈرى ئەرلەرنىڭ چۆيۈن دېسكا تۈرىدە مىس مېدالغا؛ شۆ خەيفېڭ ئەرلەرنىڭ ئوقيا ئېتىش تۈرىنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدا مىس مېدالغا؛ جى سىسى ئات ماھارىتىنىڭ مەيداندا توسالغۇدىن ئاتلاش تۈرىنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

26 ـ كۈنى، 2005 ـ يىللىق يىدا ياڭ يۈەنلۇڭ مائارىپ فوندى «يىدا كىتاب تورى» نىڭ كىتاب سوۋغا قىلىش مۇراسىمى شىنجاڭ خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. 2002 ـ يىلى سېنتەبىردە بۇ تور قوزغىتىلغاندىن بۇيان، 2004 ـ يىلىغىچە، ئۇدا ئۈچ يىل رايونىمىزنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى 803 ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قىممىتى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە كىتابلاردىن 270 مىڭ پارچە سوۋغا قىلدى.

26 ـ كۈنى ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ، بېيجىڭ جۇڭگون مەبلەغ سېلىش تۈر ھەيئىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تارىخىي داستان — «ماناس» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاتۇش شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى . جۇڭگولۇق ۋە قىرغىزىستانلىق 100 نەچچە مۇتەخەسسىس ، ئالىم ھەمدە ۋەكىللەر يىغىندا يېڭى دەۋردىكى «ماناس»تىن ئىبارەت بۇ بىر دۇنياۋىي قىممەتلىك مەدەنىي مىراسقا، مەنىۋىي بايلىققا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى .

10 ـ ئايدا، 1955 ـ يىلى ئارمىيىمىز تۇنجى بولۇپ ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا جەمئىي 32 نەپەر ئۇيغۇر ، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا جۇڭجياڭ، شياۋجاڭ ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى . يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 30 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىغا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتتى . 80 نەچچە يىڭ، تۇەن دەرىجىلىك كادىرنى ئارمىيىمىزنىڭ قوماندانلىق مەكتەپلىرىگە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا تاللاپ ئەۋەتتى . 20 نەچچە تۇەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى ئىچكى جايلاردىكى قىسىملاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى . نۆۋەتتە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا تەۋە ھەرقايسى قىسىملاردىكى 1000 غا يېقىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدە ، 130 نەچچىسى جۈن ، دېۋىزىيە ، تۇەن دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىمەكتە . 300 نەچچىسى تۆھپە قوشۇپ تەقدىرلەندى . تۆت كىشى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سىياسىي بۆلۈم تەرىپىدىن شەرەپنامىگە ئېرىشتى .

10 ـ ئايدا ، يېرىم يىللىق رەتكە تۇرغۇزۇش ، ئۈنئالغۇغا ئېلىش خىزمىتى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلىرىدىكى بىر نەچچە نەپەر موڭغۇل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ناخشىچى 50 نەچچە يىلدىن بۇيان موڭغۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ، ئىدىيىۋى بۇرۇلۇشلار ، قىممەت كۆز قارىشى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەپ ئېيتقان 125 پارچە موڭغۇلچە يېڭى ناخشا ئۈنئالغۇغا ئېلىنىپ ئاخىرلاشتى ، بۇلار شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى موڭغۇلچە ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلىدۇ .

10 ـ ئايدا ، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى مەزگىلىدە سوۋغا قىلغان خاتىرە بۇيۇملىرى ۋە ئىئانە پۇل ئىچىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دۆلەت رەئىسى ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن بىر دانە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى داڭقىنى» ، مىللەتلەر ئىشلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن 20 مىليون يۈەن پۇل بار . بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ، شۇنداقلا مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلەرگە سەرىپ قىلىنىدۇ .

10 ـ ئايدا ، ئاز سانلىق مىللەت ئىگى ـ چاقىسىز ، ياشانغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، سانجى ئوبلاستى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى ساناتورىيىلەرگە بېرىلىدىغان مەبلەغنى يىغىپ جەملىگەندىن كېيىن سېلىشنى باشلىغان ئاز سانلىق مىللەت ساناتورىيىسى يېقىندا ئېرلىيۇگۇڭ بازىرىدا قۇرۇلدى .

10 ـ ئايدا ، چەتئەللەرنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار ئۆمىكى (ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، روسىيە، گېرمانىيە، بىرازىلىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ 15 ئاخبارات ئورگىنى ) دىكى 17 كىشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئاخبارات مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى (مۇھاجىرلار ) ئىشلار ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىدا زىيارەتتە بولدى .

**مەھمۇت ئىنايەت تەرجىمىسى**

**تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت**

《新疆民族宗教》编委会

名誉主任：刘振强
主　　任：阿比孜·尼亚孜
常务副主任：贺忠德
阿不都热西提·尼牙孜
副 主 任：许世杰　何沙木丁　确杰

编　　委：乌尔肯汗·沙特尔拜、阿德尔、阿岱、艾尼·艾力木、买提尼牙孜·肉孜、牙合甫·吾买尔、阿不力克木·克尤木、安木都·托克逊、阿不力提甫、阿不都吾甫尔·卡德尔、刘东、吾拉木丁、马文新、马木尔哈志、苏来琦

《新疆民族宗教》编辑部

(维吾尔文)

主　编：葛丰交
副主编：王景起
库尔班·买买提
编　辑：马合木提、米娜瓦尔
库来汗、李凤波
房慈恩、巴格达
刘　彤

《新疆民族宗教》

2005年第6期(总第56期)
地　址：乌鲁木齐市长江路1号
邮　编：830000
传　真：(0991)5840665
电　话：(0991)5849920
(0991)5860308
印　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
出版日期：2006年1月
准印证：新疆内部资料(刊形)
准印证0206号

**庆祝自治区成立五十周年专稿**

辉煌的五十年　司马义·铁力瓦尔地(1)
举全力实现各民族共同繁荣发展　阿比孜·尼牙孜(11)

**扶持人口较少民族发展**

在自治区扶持人口较少民族发展工作会议上的讲话　贾帕尔·阿比布拉(25)
全国扶持人口较少民族发展工作会议传达提纲　刘振强(33)
在自治区扶持人口较少民族发展工作会议上的总结讲话　阿不力孜·吾守尔(40)

**民族体育**

全区少数民族传统体育普查工作表彰会议上的讲话　阿不力孜·吾守尔(44)

**民族宗教工作论坛**

新疆伊斯兰教正处于历史上最好的发展时期　阿不都热克甫大毛拉(48)
充分认识"把爱国宗教人士作为肩负特殊历史使命的非党基层干部来对待"这一新的论断　阿布力孜·努尔(50)

**民族宗教工作信息**

我区召开扶持人口较少民族发展工作会议等信息　(53)

**新疆民族宗教工作纪事**(2005年9~10月)　库来汗(56)

**封面**

全国民族团结进步模范个人——达巴沁斯克·丽玛(俄罗斯族)　葛丰交摄

**封二**

自治区扶持人口较少民族发展工作会议剪影　王峻岭等摄

**封三**

民族宗教工作掠影　刘彤摄

**封四**

委(局)机关精神文明创建工作剪影　刘彤摄

**插页**

新疆的人口较少民族——俄罗斯族　陆健图/文

# مىللەت، دىن خىزمىتى سۈرەتلىرى




2005 - يىلى 9 - ئايدا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ، «چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش» ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. سۈرەتتە: تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر كومىتېتىمىز مۇدىرى ھېيىر نىيازنىڭ ھەمراھلىقىدا تاشقورغان ناھىيىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.
لوجيەن فوتوسى





2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي كومىتېت (ئىدارە) مىزگە كېلىپ مىللەت، دىن خىزمىتىنى تەكشۈردى. ليۇتوڭ فوتوسى

جۇڭگو ئىسلام دىنى دىن ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى كاتىبات گۇرۇپپىسىدىكى 5 كىشى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر» نىڭ 3 - قىسمىغا قارىتا مۇتەخەسسىسلەردىن پىكىر ئالدى.
ليۇتوڭ فوتوسى



2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى.
ليۇتوڭ فوتوسى



2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) رەھبەرلىرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مىللەت، دىن خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.
ليۇتوڭ فوتوسى



2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە يولغا قويغان «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش» تەتقىقات تۈرىنىڭ دوكلات يىغىنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلدى.
ليۇتوڭ فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز تۈت مىللەت ئائالىسىنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» نى يولغا قويدى. سۈرەتتە: تەتقىقات تۈرىمىزدىكى خادىملار تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى روزى گۈلبايىنى زىيارەت قىلىۋاتىدۇ.
ليۇتوڭ فوتوسى

# كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى خاتىرە سۈرەتلىرى



2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلىش» بويىچە ئىئانە توپلاش يىغىنى ئاچتى. شۆجى لىيۇجېنچياڭ سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى ھەم باشلامچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلدى.



كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر 12860 يۈەن ئىئانە يىغدى.



2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزدىن 53 نەپەر خادىم 3 كۈنلۈك كۇرۇسقا قاتناشتى.



2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئۇنىۋېرسال تۈزەش ـ تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى كومىتېتىمىزگە كېلىپ ئۇنىۋېرسال تۈزەش ـ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىمىزنى تەكشۈردى.



مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كۇرسىنىڭ كۇرسانتلىرى مۇتەخەسسىسنىڭ لېكسىيىسىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتىدۇ.



2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، كومىتېت (ئىدارە) مىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چۈجىيې ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى بارلىق ئەزالار نامىدىن قان تەقدىم قىلغان يولداشلارغا رەھمەت ئېيتتى.



2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، چاڭجىيالاڭ يولى كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى [illegible] تونۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ [illegible] نەپەر خادىم [illegible] كومىتېت (ئى[illegible]) [illegible] خىز[illegible]